مەجبۇرىيەت مائارىپى دەرس ئۆلچىمى تەجرىبە دەرسلىكى

# تىل ـ ئەدەبىيات

3 ـ يىللىقلار ئۈچۈن 1 ـ قىسىم

(«قوش تىل» سىنىپلىرى ئۈچۈن)



شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

باش تۈزگۈچى: ۋاھىتجان ئوسمان
مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ئۆمەرجان توختى
تۈزگۈچىلەر: ماھىبەدەر مەھمۇد، زامانىدىن پاكزات، مېھراي مىجىتھاجى، شەمسىيە يۇسۇپ، باتۇر داۋۇت قورىغار
مۇھەررىرى: ۋاھىتجان ئوسمان
مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن روزى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
رەسسام ۋە گۈزەل
سەنئەت مۇھەررىرى: ئابدۇراخمان ئابلىز

义务教育课程标准实验教科书

**语 文**

三年级 上册

(供双语班使用)

经新疆维吾尔自治区中小学教材审定委员会 2009 年审查通过

(维吾尔文)

*

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

http://www.xjjycbs.com

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

مايتاغ تيەنلىرېن باسما چەكلىك شىركىتى باستى

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى كومپيۇتېر مەركىزى تىزدى

*

فورماتى: 1240 × 890، 32 / 1؛ باسما تاۋىقى: 5.375

2009 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 6 ـ بېسىلىشى

ISBN 978 — 7 — 5370 — 7496 — 4

باھاسى: 6.75 يۈەن



نەشر ھوقۇقى بىزدە، باشقىلارنىڭ كۆپەيتىپ بېسىشىغا بولمايدۇ.
بېسىش - تۈپلەش سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ.



ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 187 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830049؛ تېلېفون نومۇرى: 2870654, 2863761 (0991)

# كىرىش سۆز

قولىڭىزدىكى «تىل ـ ئەدەبىيات» دەرسلىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى بېكىتكەن مەجبۇرىيەت مائارىپى «قوش تىل» سىنىپلىرىنىڭ «ئانا تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى» گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلدى.

بۇ دەرسلىك دۆلەتنىڭ دەرس ئۆلچىمى ئاساس قىلىنىپ، «قوش تىل» ئوقۇتۇشىنىڭ ئېھتىياجى نەزەرگە ئېلىنىپ، ئانا تىلنى پۇختا ئىگىلەش، مىللىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى بىلەن تونۇشۇش مەقسەت قىلىنىپ تۈزۈلدى. تۈزۈشتە بىلىم ۋە قابىلىيەت، جەريان ۋە ئۇسۇل، ھېسسىيات، پوزىتسىيە ۋە قىممەت قارىشىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتىن تەربىيىلەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، مەزمۇن جەھەتتىن تۇرمۇشتا قوللىنىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا دىققەت قىلىندى؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئۆگىنىش، ھەمكارلىشىپ ئۆگىنىش، ئىزدىنىپ ئۆگىنىش شەكلىنى ئۆگىنىۋېلىشىغا كۆڭۈل بۆلۈنۈپ، ھەربىر ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆگىنىش تەلىپىنى قاندۇرۇشقا، دەرس ئىسلاھاتى ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

مەشھۇر پېداگوگ سوخوملىنىسكىي «ھەقىقىي مائارىپ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ـ ئۆزىنى تەربىيىلەش يولىنى ئېچىپ بېرىدىغان مائارىپتۇر» دېگەنىدى. ئوقۇغۇچىلار تىل ـ ئەدەبىياتنى ئۆگەنگەندە

تەشەببۇسكار بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىش، ئۆزى ئىزدىنىپ بايقاپ ئۆگىنىش ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ئۇسۇلىدۇر. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئوقۇغۇچىلار تىل ـ ئەدەبىيات زېمىنىدا ئەركىن پەرۋاز قىلالايدۇ. ئۇيغۇر تىلى باي ھەم ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك مۇكەممەل تىل، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇزاق تارىخقا، رەڭگارەڭ مەزمۇنغا ۋە خىلمۇخىل شەكىلگە ئىگە ئەدەبىياتتۇر. مانا مۇشۇنداق بىپايان تىل ـ ئەدەبىيات زېمىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا. چۈنكى، ئۇلار بۇ سۆيۈملۈك تىل ـ ئەدەبىياتنىڭ ھەقلىق ۋارىسلىرىدۇر.

«ئانا تىل ـ ئەدەبىيات دەرس ئۆلچىمى» دە «تىل ـ ئەدەبىيات دەرسىنىڭ كۆپ ياقلىمىلىق ئىقتىدارى ۋە ئاساس سېلىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مۇھىم ئورنىنى بەلگىلىگەن»، شۇڭا «تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلەندۈرۈلۈپ، ئۇلار تىل ـ ئەدەبىيات جەھەتتە ئاساسىي ساپاغا ئىگە قىلىنىشى لازىم. تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇغۇچىلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىياتىنى قىزغىن سۆيۈش ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى يېتىلدۈرۈشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنى توغرا چۈشىنىشىگە ۋە قوللىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تىل جۇغلانمىسىنى بېيىتىپ، تىل تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، تەپەككۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى ئېھتىياجلىق بولغان ئەمەلىي يېزىش قابىلىيىتى، ئوقۇش قابىلىيىتى، يېزىقچىلىق قابىلىيىتى ۋە ئاغزاكى ئالاقە قابىلىيىتىگە ئىگە قىلىشى لازىم» دەپ كۆرسىتىلگەن. تۈزۈش جەريانىدا بۇ تەلەپكە باشتىن ـ ئاخىر ئەھمىيەت بېرىلدى.

بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكنى تۈزۈشكە شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، ئۈرۈمچى كەسپىي ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ باللار پېداگوگىكا مەكتىپى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىلمىي تەتقىقات

ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ تەتقىقات مەركىزى، قاراماي شەھەرلىك مائارىپ تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى شەھەر سايباغ رايونلۇق ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 29 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ، غۇلجا شەھەرلىك 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، ئاۋات ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار مول ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئىگە مۇتەخەسسىس، ئوقۇتقۇچى ۋە تەتقىقاتچىلارنى ئەۋەتىپ، دەرسلىك تۈزۈش خىزمىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىدى.

دەرسلىكنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىن ئەخەت سالى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن روشەنگۈل مالىك، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن رەيھانگۈل ھاشىم، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 19 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن قەلبىنۇر ھامۇت، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن پاتىگۈل ئابلىمىت، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 47 ـ باشلانغۇچ مەكتەپتىن مەلىكە توختى، كورلا شەھەرلىك ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسىدىن پاتىگۈل ئابلىز قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى. بىز بۇ بىر يۈرۈش دەرسلىكنىڭ نەشر قىلىنىشىغا قىزغىن ياردەمدە بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

2009 ـ يىل ماي

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى بۆلەك

## پەم - پاراسەت


1. ئەقىللىق بالا ........................................ 2
*2. تۆگە ئىزدەش ........................................ 7
3. نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ........................................ 10
*4. پەملىك رەسسام ........................................ 13
ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى ........................................ 17
مەشىق باغچىسى ........................................ 20


## ئىككىنچى بۆلەك

## تەبىئەت سۇرەتلىرى


5. كۈز قىزنىڭ شادلىقى ........................................ 25
*6. رەسسام تەبىئەت ........................................ 31
7. قارلەيلىسى ........................................ 33
*8. كۈز يامغۇرى ........................................ 37
ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى ........................................ 39
مەشىق باغچىسى ........................................ 42

## ئۈچىنچى بۆلەك

# ئەجدادلار مىراسى


9. كىچىك رىياسەتچى ..................... 51
*10. ياز قوشاقلىرى ..................... 58
11. ئامانىسا ..................... 61
*12. ئۇلۇغبەگ ھەققىدە ھېكايە ..................... 67
ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى ..................... 72
مەشىق باغچىسى ..................... 75


## تۆتىنچى بۆلەك

# كۆزىتىش ۋە بايقاش


13. كۆزىتىش خاتىرىسى ..................... 80
*14. سازاڭنىڭ سىرى ..................... 88
15. ئالما ئىچىدىكى يۇلتۇز ..................... 91
*16. قىزىل چۈمۈلە ..................... 95
ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى ..................... 98
مەشىق باغچىسى ..................... 102

## بەشىنچى بۆلەك

### ۋەتەن مۇھەببىتى

17. يامغۇردا قالغان ئانا ............................. 109
*18 گۈزەل تەڭرىتاغ ............................. 114
19. مومامنىڭ بۇلۇتى ............................. 117
*20. كۆچكۆچ قوشىقى ............................. 122
ئۇيغۇر تىلى مۇنبىرى ............................. 124
مەشىق باغچىسى ............................. 126

## قىرائەتخانا

1. تېيىنىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ............................. 133
2. دەرياغا تاش تاشلىدىم ............................. 136
3. پوچتا ماركىسى ھەققىدە ھېكايە ............................. 138
4. شۆھرەتپەرەس قاغا ............................. 140
5. مۈشۈكنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشى ............................. 142

سۆزلەرگە ئىزاھات ............................. 145

## بىرىنچى بۆلەك

# پەم - پاراسەت

بىز تۇرمۇشتا ھەر خىل مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ تۇرىمىز. مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىمىز ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىمىز ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، كۆپ ھاللاردا نەتىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەردە جانلىق، قىزىقارلىق ھېكايىلەر بايان قىلىنغان. ئۇلار بىزگە مەسىلىلەرگە قانداق قاراش ۋە ئۇ ھەقتە قانداق ئويلاشنى ئېيتىپ بېرىدۇ. قېنى، بىز كۆپرەك ئوقۇپ، كۆپرەك ئويلىنىپ باقايلى.



# 1 ئەقىللىق بالا

بۇرۇنىسىدا، ئىنتايىن ئاچ كۆز، ھىيلىگەر بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇ يېرىنى دېھقانلارغا ئىجارىگە بېرىپ، تۈرلۈك ھىيلە ـ مىكىرلەر بىلەن ھوسۇلنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدىكەن.

بىر يىلى، بىر نامرات دېھقان بۇ باي بىلەن ئىجارە توختىمى تۈزگىلى بارماقچى بوپتۇ. بىراق، ئون ياشلىق ئوغلى: «دادا، بۇ ئىشقا مەن بارايچۇ!» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. دېھقان ماقۇل بوپتۇ.

بالا باينىڭ ئۆيىگە بېرىپ، كېلىش مەقسىتىنى ئېيتقاندىن كېيىن:

— سىلى بۇ يىل تېرىلىدىغان زىرائەتنىڭ قايسى



قىسمىنى ئالىدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

«دادىسى ھاماقەتنىڭ مۇشتەك شۇمنى ئەۋەتكىنىنى قاراڭلار، — دەپ كۇلۇپتۇ باي ئىچىدە، — تازا شىلىۋالىدىغان بولدۇم - دە!»

— ئاستى قىسمىنى، — دەپتۇ باي توختامغا قول قويۇپ.

بالا قايتىپ كېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە بۇغداي تېرىشقا مەسلىھەت بېرىپتۇ.

بۇغداي پىشقاندا، باي ئىجارە يىغىشقا كەپتۇ. دېھقان بۇغدايلىرىنىڭ باشقىنى ئۇزۇۋېلىپ، غوللىرىنى بايغا قالدۇرۇپتۇ. باي غەزەپلەنگەن ھالدا ھەيۋە قىلغانىكەن، ئەقىللىق بالا توختامنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ. باي غىڭ قىلالماي قاپتۇ.

ئىككىنچى يىلى بالا يەنە توختام تۈزگىلى بېرىپتۇ. «بۇ قېتىم ئەدىپىڭنى راسا بەرمەيدىغان بولسام» دەپ ئويلاپتۇ باي ۋە:

— بۇ يىل زىرائەتنىڭ ئۈستى قىسمىنىمۇ، ئاستى قىسمىنىمۇ ئالىمەن، — دەپتۇ.

— دېگەنلىرىدەك بولسۇن، — دەپتۇ بالا مىيىقىدا كۇلۇپ.

ئۇ قايتىپ كېلىپ، ئۆيىدىكىلەرگە: «بۇ يىل قوناق تېرايلى» دەپتۇ.

كۆز كەپتۇ. دېھقان قوناقنىڭ بېشىنى ئۇزۇۋې-
لىپ، شېخىنى قالدۇرۇپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئەرۋا-
ھى ئۇچقان باي:
— مەن بۇ يىلقى زىرائەتنىڭ ئۈستى قىسمىنىد-
مۇ، ئاستى قىسمىنىمۇ ئالىمەن دېگەنىدىمغۇ! —
دەپ ۋارقىراپتۇ.
— دېگەنلىرىڭ بولدى، — دەپتۇ بالا كۈلۈپ
تۇرۇپ، — قارىسىلا، بۇ قوناق شاخلىرىنىڭ ئۈس-
تىمۇ، ئاستىمۇ شۇ پېتى تۇرمامدۇ!
باي بۇ نۆۋەتمۇ ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ،
دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بوپتۇ.
ئۈچىنچى يىلى بالا توختام تۈزگىلى بارغاندا،
باي: «ئەمدىغۇ دەردىمنى ئالارمەن» دەپ ئويلاپتۇ ۋە:
— يەردىن ئۈنۈپ چىققاننىڭ ھەممىسىنى ئالى-
مەن! — دەپتۇ. بالا رازىلىق بىلدۈرۈپ:
— دېگەنلىرىڭىز بولسۇن! — دەپتۇ.
دېھقان ئوغلىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە پىياز تې-
رىپتۇ. كۈز بولغاندا باي كەپتۇ. ئۇ ئېتىزلىقتىكى
ھەممە پىيازنى يىغىۋالماقچى بوپتىكەن، بالا توخ-
تامنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— قارىسىلا، توختامدا سىلى يەردىن ئۈنۈپ چىق-
قاننىڭ ھەممىسىنى ئالىمەن دېگەن، شۇڭا سىلىگە

پىيازنىڭ كۆكى تېگىدۇ، يەر تېگىدىكى پىياز توختام بويىچە بىزگە قالىدۇ، ــ دەپتۇ.



يەنە ئۇتتۇرۇپ قويغان باي دەردكە چىدىماي ئۆيىگە بېرىپلا ئاغرىپ قاپتۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىپتۇ. يېزىدىكى دېھقانلار بۇ زالىم بايدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇپ، ئەقىللىق بالىغا بارىكاللا ئېيتىشىپتۇ.



چۆچەكنى روللارغا بۆلۈنۈپ، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.

**باشقا سۆز قويالايمەن**

① باي غىڭ قىلالماي قاپتۇ.

باي ( گەپ قىلالماي قاپتۇ)

② بالىنىڭ سۆزىدىن بايىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپتۇ.
(              )



## جۈملە تۈزۈپ باقاي

① توختام ________________

② ھەيۋە قىلىش ________________



## يازالايمەن

قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان جۈملىلەرنى دەپتىرىمگە كۆچۈرۈۋالاي.

مەن بۇ چۆچەكتىن بالىنىڭ ئىنتايىن ________ ئىكەنلىكىنى، بايىنىڭ بولسا ________ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

چۆچەك مەزمۇنى بويىچە رول ئېلىپ باقايلى.



يۇقىرىقى چۆچەكتىكى ئەقىللىق بالىنىڭ پاراسىتىگە ھەممىمىز قايىل بولدۇق. تۆۋەندە بېرىلگەن چۆچەكتىكى بوۋاينىڭ ئەقلى بىزنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. چۆچەكنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، بوۋاينىڭ يىتكەن تۆگىنىڭ بەلگىلىرىنى قانداق بىلىۋالغانلىقىنى ئىگىلىۋالايلى ھەمدە ئوقۇش تەسىراتىمىز ئۈستىدە پىكىرلىشەيلى.

# 2* تۆگە ئىزدەش

بۇرۇنىسىدا، بىر سودىگەر سەپەر ئۈستىدە بىر تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. سودىگەر نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ ئىزدىگەن بولسىمۇ، تۆگىسىنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئۇ تىت - تىت بولۇپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا، ئۇ ئالدى تەرەپتە كېتىۋاتقان بىر بوۋاينى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ:

— بوۋا، تۆگە كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىز سورىغان تۆگىنىڭ سول پۇتى سەل ئاقساماتتى؟ — دەپ سوراپتۇ بوۋاي.

— ھەئە.

— سول تەرىپىگە ھەسەل، ئوڭ تەرىپىگە گۈرۈچ ئارتىلغانمۇ؟

— شۇنداق.

— ئوڭ كۆزى كۆرمەمتى؟

— ئىنتايىن توغرا. ئۇنىڭ قاياققا كەتكەنلىكىنى كۆردىڭىزمۇ؟



— بۇنى بىلمەيمەن.

— مېنى ئالدىما، — دەپتۇ سودىگەر غەزەپلىنىپ، — تۆگەمنى جىزمەن سەن يوشۇرۇپ قويۇپسەن، بولمىسا، شۇنچىۋالا بەلگىلىرىنى قانداق بىلىسەن؟

— نېمىگە خاپا بولىسەن، سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىمامسەن، — دەپتۇ بوۋاي تەمكىنلىك بىلەن، — ھېلىراقتا مەن يولدا تۆگىنىڭ ئىزىنى كۆردۈم، ئوڭ تەرەپتىكى ئىزىنىڭ چوڭقۇر، سول تەرەپتىكىسىنىڭ تېيىز ئىكەنلىكىدىن سول پۇتىنىڭ سەل ئاقسايدىغانلىقىنى بىلدىم. يولنىڭ



سول تەرىپىگە ئازراق ھەسەل تامغانلىقىنى، ئوڭ تە-رىپىگە ئازراق گۈرۈچ چېچىلغانلىقىنى كۆرۈپ، تۆ-گىگە ئارتىلغىنى جەزمەن ئاشۇ ئىككى خىل نەرسە، دەپ ئويلىدىم. مەن يەنە پەقەت يولنىڭ سول تەرىپىد-دىكىلا چۆپلەرنىڭ يېيىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنىڭ كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدىم. تۆگىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىگە كەلسەك، سەن ئۇنى مەن ئېيتقان ئىزلارغا قاراپ ئىزدىگىن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان سودىگەر بوۋاينىڭ كۆر-سەتكىنى بويىچە يول بويى ئىزدەپ مېڭىپتىكەن، دەرۋەقە يوقالغان تۆگىسىنى تېپىۋاپتۇ.

# 3 نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

## جاھاندا يوق كۈن

ئەپەندىم بوياقچىلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە، ئۆزىنى چاقچاقچى ھېسابلاپ يۈرگەن بىر كىشى ئەپەندىمگە بىر ماتا ئەكېلىپ بېرىپ:

— ئەپەندىم، مۇشۇ ماتانى جاھاندا يوق بىر رەڭ بىلەن بوياپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

— «جاھاندا يوق رەڭ» دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

— قىزىلمۇ ئەمەس، قارىمۇ ئەمەس، كۆكمۇ ئە-



مەس، سېرىقمۇ ئەمەس، يېشىلمۇ ئەمەس، زەڭگەرمۇ ئەمەس، ئېيتاۋۇر، جاھاندا يوق رەڭ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— بوپتۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم، — دېگىنىڭىز بويىچە بوياپ بېرەي.

— قاچان ئالىمەن؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.

— جاھاندا يوق بىر كۈنى، يەنى شەنبىمۇ، يەكشەنبىمۇ، دۈشەنبىمۇ، سەيشەنبىمۇ، چارشەنبىمۇ، پەيشەنبىمۇ، جۈمەمۇ ئەمەس بىر كۈنى كېلىڭ، — دەپتۇ ئەپەندىم.



## ساتىراش

پادىشاھنىڭ ئوغلى دادىسىنى ماختاپ:

— مېنىڭ دادام پادىشاھ، جىمى ئادەم ئۇنىڭغا بويسۇنىدۇ، — دەپتۇ.

— بەللى، سېنىڭ داداڭدىن تارتىپ جىمى جاھان ئەھلى مېنىڭ دادامغا بويسۇنىدۇ. دادام ھەممىسىنىڭ بېشىنى ئەگدۈرىدۇ، ھېچكىم ياق دېيەلمەيدۇ. ئۆتكەندە سېنىڭ داداڭ مېنىڭ دادامنىڭ ئالدىدا غىڭ - پىڭ دېمەي بېشىنى ئەگدىغۇ! — دەپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.

پادىشاھنىڭ ئوغلى ئاچچىقى كېلىپ:

— نېمە؟ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، سېنىڭ داداڭ زادى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ساتىراش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گۆدەك ئەپەندىم.



**ئوقۇڭ** بۇ لەتىپىلەرنى توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ ھەم ئۆز تىلىڭىزغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭ.



لەتىپىلەردىكى ئەڭ قىزىقارلىق سۆز - جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىۋالاي.



ئۆزىمىز بىلىدىغان لەتىپىلەرنى دېيىشىپ باقايلى.



ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان لەتىپىدىن بىرنى يادقا يېزىپ باقاي.

بىز يۇقىرىدا دانىشمەن نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئەقىل ئىشلىتىپ باشقىلارنىڭ ئەخمەق قىلىشلىرىغا ئۇستىلىق بىلەن تاقابىل تۇرغانلىقىنى، سۆز ئويۇنىغا ماھىر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدۇق. ئەمدى تۆۋەندىكى ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ مەزمۇنىنى تولۇق ئىگىلىۋالايلى ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ تەدبىر بەلگىلەشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىۋالايلى.

## 4* پەملىك رەسسام

ئۆتكەن زاماندا، بىر شەھەرنىڭ ناھايىتى ئابرۇيلۇق بىر پادىشاھى بار ئىكەن. ئەمما، ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى سول پۇتىدىن كالتە بولۇپ، يول يۇرسە ئاقساپ، دىڭگوسلاپ ماڭىدىكەن. سول كۆزى جىرتاق بولۇپ، قارىسا خۇددى بىر نەرسىنى پەملەۋاتقاندەك ياكى ئۆلچەۋاتقاندەك كۆزى ھەمىشە قىسىلىپ تۇرىدىكەن.

بىر كۈنى پادىشاھنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپ، ئۆزىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرماقچى بوپتۇ ۋە پەرمان چۈشۈرۈپ ئۆز تەۋەسىدىكى داڭلىق، ئۇستا رەسساملارنى ئوردىسىغا چاقىرتىپتۇ. كۆپ تاللاش ئارقىلىق پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى ئۈچ داڭلىق رەسسامنى ئوردىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ رەسساملارغا:

— مەن ئۆز رەسىمىمنى سىزدۇرۇپ ئۇردىغا ئاس-ماقچىمەن. شۇڭا، سىلەرنى ئوردىغا چاقىرتىپ كەل-دىم. شەرتىم شۇكى، ئاشۇرۇپمۇ-ۋەتمەي، چۆكۈرۈپ-مۇۋەتمەي، ئەينەن ھەم چىرايلىق سىزىڭلار. ئەگەر يالغاننى ئارىلاشتۇرۇپ ھىيلە ئىشلەتسەڭلار، كاللاڭلارنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلىمەن. قايسىڭلار-نىڭ سىزغىنى ماڭا يارىسا، كاتتا ئىنئامغا سازاۋەر بولىسىلەر، — دەپتۇ.

رەسساملار ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، قەغەز، قەلەم، سىياھ ۋە باشقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ كىرىشىپتۇ. ئالدى بىلەن بىر رەسسام رەسىمنى پۈتكۈزۈپتۇ. ئۇ پادىشاھنى ئوك پۈتى كالتە، سول كۆزى جىرتاق قىلىپ ئەينەن سىزىپتۇ. پادىشاھ رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاچچىقلىنىپ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ. غەزەپتىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ-دە، رەسسامغا قاراپ:

— سەن ئىپلاس مېنى ھاقارەتلەپسەن، مەن مۇ-شۇنداق سەتمۇ؟ — دەپ ھۆرپىيىپتۇ. رەسسام قورق-قىنىدىن لام-جىم دېيەلمەي قوللۇق بىلدۈرۈپتۇ.

— جاللات! — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ ئاچچىق-تىن بوغۇلۇپ.

— لەببەي، ئالىيلىرى! بىز تەييار! — دەپ تەڭلا جاۋاب ياندۇرۇپتۇ قوللىرىغا قىلىچ ۋە ئايپالتىلارنى


تۇتقان تۆت جاللات ھازىر بولۇپ، پادىشاھ ئۇلارغا ھېلىقى رەسسامنى ئاچچىقىپ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە پادىشاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ئىككىنچى رەسسام ئۆز كۆڭلىدە: پادىشاھنى ئەينەن سىزسام، مېنىمۇ ئۆلتۈرگۈدەك، چىرايلىقراق سىزسام بەلكىم ئامان قالارمەن، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، پادىشاھنىڭ ئىككى پۇتىنى تەڭ ۋە كۆزلىرىنى بېجىرىم، چىرايلىق قىلىپ سىزىپ بولۇپ، پادىشاھقا كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ رەسىمنى كۆرۈپ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپتۇ ـ دە:

15

— مەن ساڭا نېمە دېگەنىدىم. دۆيۈز ئالدامچى! مېنىڭ شەرتىمنى بۇزۇشقا پېتىندىڭمۇ، سەنمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دەپتۇ ـ دە، جاللاتلىرىغا ئۇنىڭمۇ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار ئىككىنچى رەسسامنىمۇ جەھەننەمگە يوللاپتۇ. ئۈچىنچى رەسسام ئەھۋالنى كۆرۈپ قاتتىق چۆچۈپ، چوڭقۇر ئويلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇ، پادىشاھنى ئەينەن سىزسىمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇسا، يالغاندىن چىرايلىق قىلىپ سىزسىمۇ ئامان قالمىسا، زادى قانداق سىزىش كېرەك؟ دەپ باش قاتۇرۇپتۇ. ئاخىر تەۋەككۇل دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ پادىشاھ ئوۋ قىلىشقا چىققاندا، ئالدىغا

بىر كېيىك ئۇچرىغان، پادىشاھ كېيىكنى ئېتىش ئۈچۈن قولىغا ئوقيانى ئېلىپ، ئوڭ پۈتىنى بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، سول كۆزىنى قىسىپ كېيىكنى قارىغا ئېلىپ، ئېتىشقا تەمشىلىپ تۇرغان قىياپەتتە سىزىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ ئوڭ پۈتىنىڭ كالتىلىقى ۋە سول كۆزىنىڭ جىرتاقلىقى ھېچقانداق چانماي، رەسىم ناھايىتى تەبىئىي، كۆركەم چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە:

— مانا بۇ ھەقىقەتەن ياخشى سىزىلىپتۇ، — دەپ رەسسامغا بارىكاللا ئېيتىپتۇ ھەمدە خۇشاللىقىدا رەسسامنى نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن تارتۇقلاپتۇ.



# سۆز تومۇرى ۋە قوشۇمچە

تۆۋەندىكى ھەربىر گۇرۇپپا سۆزلەرنى سېلىشتۇ- رۇپ، ھېس قىلغانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقايلى.

ئىش — ئىشچى　　　باغ — باغۋەن
ئاش — ئاشپەز　　　ۋەتەن — ۋەتەنپەرۋەر
ساۋاق — ساۋاقداش　　　ئەمگەك — ئەمگەكچان
ھارۋا — ھارۋىكەش　　　كىتاب — كىتابلار
دوست — دوستۇم　　　ئۇچ — ئۇچقۇچى

سۆزلەرنىڭ تۈپ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، مە- نىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدىغان قىسمى سۆز تو- مۇرى دېيىلىدۇ. سۆزلەرگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان قىسمى قوشۇمچە دېيىلىدۇ.

مەسىلەن:

كىتابخانا: «كىتاب» سۆز تومۇرى، «خانا» قوشۇمچە.

دەريانىڭ: «دەريا» سۆز تومۇرى، «نىڭ» قوشۇمچە.

ئىنسانىي: «ئىنسان» سۆز تومۇرى، «ىي» قو- شۇمچە.

مەكتەپتە: «مەكتەپ» سۆز تومۇرى، «تە» قوشۇم-
چە.

سۆزنىڭ تومۇرى ئادەتتە تۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ.
بىر سۆز تومۇرىغا بەزىدە بىرنەچچە قوشۇمچە ئۇ-
لىنىپمۇ كېلىدۇ.
مەسىلەن:
چايدانلارنىڭ ــ چاي+ دان+ لار+ نىڭ
ئوقۇغۇچىلارغا ــ ئوقۇ+ غۇچى+ لار+ غا

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ سۆز تومۇرى بىلەن قو-
شۇمچىسىنى ئايرىپ يېزىڭ.
ئۆلگە: گۆللۈك: گۈل ـ لۈك
سىزغۇچ: ____________
ئىنتىزامچان: ____________
قۇشلار: ____________
خەلققە: ____________
ھاياتىڭ: ____________
ئىشخانا: ____________
ئوۋچى: ____________
ئانام: ____________
چوڭراق: ____________

ساۋاقداش: ____________

تۆۋەندىكى سۆزلەر بىلەن قوشۇمچىلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىدىغانلىرىنى بىرىكتۈرۈپ يېزىڭ.

| | |
|---|---|
| ئوقۇ | گەر |
| ئاچ | چان |
| گۇناھ | لىق |
| باش | قۇچ |
| تىرىش | غان |
| سودا | لاق |
| ئوت | كار |

____________

____________

____________

____________

____________

# مەشىق باغچىسى

## بايقىغانلىرىم



**يازالايمەن** تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىلىرىنى يازاي

| | |
|---|---|
| ھاكاۋۇر | قورقۇنچاق |
| ______ | ______ |
| كۆرۈمسىز | نادان |
| ______ | ______ |




**باشقا سۆز قويالايمەن**

◉ ساتىراش، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ <u>گۆدەك</u> ئەپەندىم.

◉ بالا قايتىپ كېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرگە بۇغداي تېرىشقا <u>مەسلىھەت بېرىپتۇ.</u>

(                    )



## تىل خەزىنىسى



كۆچۈرۈۋالاي. يادلىۋالاي

★ ئەقىل توزىماس، بىلىم خورىماس.

★ ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

★ ئەقىل ئادەمنىڭ تۈۋرۈكى،
سەۋر ئەقىلنىڭ شېرىكى.



تۆۋەندىكى مەسىلىنى ئوقۇپ «بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارماق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىۋالاي.

### ئاق قۇ، راك ۋە بېلىق

بىللە ئىشلەۋاتقانلار بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارمىسا ھەرقانداق ئىش بۇزۇلىدۇ، ھەرقانچە كۈچىسىمۇ ئىشىدا ئىلگىرىلەش بولمايدۇ. بىر كۈنى بېلىق، راك، ئاق قۇ ئۈچى بىر ھارۋىنى

يولدىن سۆرەپ ئېلىپ قاچماقچى بوپتۇ. ئۇلار بۇ يۈكنى شۇنداق كۈچەپ سۆرەپتۇكى، ھەتتا گۈرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كېتىپتۇ. مەيلى ئۇلار قانچىلىك كۈچىسۇن ھارۋا ئورنىدىن بىر غېرىچمۇ قوزغالماپتۇ. ئاق قۇ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى بوينىغا ئۆتكۈزۈپ ئاسمانغا قاراپ ئۇچۇپتۇ. راك بويۇنتۇرۇقنى بېلىگە ئۆتكۈزۈپ كەينىگە كۈچەپ داجىپتۇ. بېلىقچۇ، بېلىق كۆلچەككە قاراپ تارتىپتۇ. زادى كىمنىڭ توغرا، كىمنىڭ خاتا بۇنىڭغا پەرۋايىم پەلەك. مېنىڭ بىلىدىغىنىم پەقەت ھارۋىنىڭ بۈگۈنگىچە جايىدىن قوزغالماي تۇرغانلىقىلا، خالاس.





## ئاغزاكى ئالاقە

### مەسىلە ھەل قىلىشتا پەم - پاراسەتلىك بولايلى

كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم دېگۈدەك بەزى قۇلايسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىمىز. مەسىلەن، كېچىسى چىراغنى ياندۇرماقچى بولساق، ئۆز - چاتنى تاپالماي قالىمىز؛ بىنالاردىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسىنى سۈرتۈش تەس ھەم خەتەرلىك ئىش ... ئويلاپ بېقىڭ،

سىز مۇشۇنداق قۇلايسىزلىقلارغا يولۇقۇپ باققانمۇ؟ ئالدى بىلەن، مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى كىچىك گۇرۇپپىلاردا ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۆپچىلىك قىزىقىدىغان بىرەر مەسىلىنى تاللاپ، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئۈستىدە ئىزدىنەيلى، ئاندىن بىردىن ۋەكىل چىقىپ سۆزلىسۇن. قېنى، قايسى گۇرۇپپا مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ؟ قايسى گۇرۇپپا مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپالايدۇ؟ قايسى گۇرۇپپا ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ؟ ئاخىرىدا باھالاپ باقساق بولىدۇ.



## يېزىقچىلىق مەشقى

قايسى گۇرۇپپىنىڭ ئاغزاكى ئالاقىدە ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسى ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارىدىڭىز؟ سىز مۇۋاپىق دەپ قارىغان شۇ مەسىلە ۋە ئۇنى ھەل قىلىش چارىسىنى ئېنىق، چۈشىنىشلىك يېزىپ بېقىڭ.

ئىككىنچى بۆلەك


# تەبىئەت سۈرەتلىرى

تەبىئەت مەنزىرىلىرى نەقەدەر جەلپكار ـ ھە! سان ـ ساناقسىز تاغلار، ئاقسا ـ ئاقسا تۈگىمەيدىغان دەريالار، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلار، بىپايان يايلاقلار، بۈك ـ باراقسان ۋە ياپيېشىل ئورمانلار ... ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى ۋە ئاجايىپلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئوقۇپ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىپ باقايلى ھەمدە يۇرتىمىزدىكى مەنزىرىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىپ، ئۆز تەسىراتىمىز ۋە بايقىغانلىرىمىزنى خاتىرلىۋالايلى.



# 5 كۆز قىزىنىڭ شادلىقى[1]

كۆز قىز بۇگۈن يېشىل يوپۇرماق كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ قىزىل يوپۇرماق كۆڭلىكىنى كىيدى. ئۇ سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىدە ئۆز ئەكسىنى كۆردى. «پاھ، نەقەدەر چىرايلىق مەنزىرە ـ ھە!» ئۇنىڭ قىپقىزىل،



① بۇ چۆچەكنىڭ ئاپتورى باتۇر داۋۇت قورىغار.

قىزغۇچ ۋە سارغۇچ رەڭلەردىن پۈتكەن كۆڭلىكىنىڭ ئەكسى كۆل يۈزىدە يېنىك تەۋرىنىپ تۇراتتى.

كۆز قىزنىڭ ساندۇقىدا بىرمۇنچە لېپاپ تۇراتتى. ئۇ پەي قىستۇرۇلغان لېپاپنى ئاچتى.

كۆز قىز، كەچۈرۈڭ، يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن جەنۇبقا كۆچمەكچىمىز. شۇڭا، تاغدىن ھالقىشنى ئۆگىنىۋاتىمىز. مەشرىپىڭىزگە بارالمايدىغان بولدۇق. بىزگە مول نېمەتلەرنى بەرگىنىڭىزگە رەھمەت.

ھۆرمەت بىلەن غازچاق.

قارلىغاچ، تۇرنا، بۇلبۇللارمۇ مۇشۇ مەزمۇندا خەت يازغانىدى.

كۆز قىز ماي پۇراپ تۇرغان لېپاپنى ئاچ- تى. «ئەسسالام كۆز قىز ھەدە، مېنى مەشرەپ- ىڭىزگە چىللىغانلىقىڭىزدىن تولىمۇ خۇ- شالمەن، ئەپسۇس، بىز ئۇچەككە كىرىدىكەن- مىز، ئۆڭكۈرىمىزگە ئوت - چۆپ توشۇمىساق بولمايدىكەن. قاتنىشالمايدىغان بولدۇم. كە- چۈرگەيسىز.

ھۆرمەت بىلەن بورسۇقجان.

ئېيىق، سۇغۇر، پاقا، چۇمۇلە، شەپەرەڭ، سازاڭلارمۇ خەتلىرىدە مۇشۇنداق دېيىشكەنىدى.

كۆز قىز خەتلەرنى ئوقۇپ تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى. «مەن نىمانچە تەلەيسىز، مەشرىپىمگە چاقىرىلغان دوستلارنىڭ كۆپى كېلەلمەيدىكەن ئەمەسمۇ؟!» كۆز قىزنىڭ ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. شامال ئۇنىڭ چاچلىرىنى تاردى.

ــ نىمىگە شۇنچە يىغلايسىز؟ ــ دەپ سورىدى قارا كۆك ياسانغان بۇلۇت ئانا، كۆز قىز بولغان ئىشنى سۆزلەپ بەردى.

ــ كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ــ دېدى بۇلۇت ئانا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ــ سىزنىڭ مەشرىپىڭىز كائىنات ئەڭ گۈزەل تۇسكە كىرگەندە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولدى، قاراڭ ئېتىزلارغا ــ ئاپئاق پاختا دېڭىزىغا، خامانلارغا دۆۋىلەنگەن، ئالتۇن رەڭ قوناقلارغا، قاراڭ باغلارغا ــ قىپقىزىل ئالمىلارغا، سارمايدەك نەشپۈتلەرگە، مەرۋايىت ئۈزۈملەرگە! دېھقانلارنىڭ شادلىق جىلۋىلەنگەن چېھرىگە.

كۆز قىز ياشلىرىنى سۈرتتى. دەرۋەقە، تاغ ـ دالا، ئېتىزلارنىڭ ئالتۇن رەڭدە جۇلالىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مەشرىپىڭىز قۇتلۇق بولسۇن!

كۆز قىز ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئاسلانگۈل، تىيىن ـ

چاق، جەرەنتاي، قاپلانباي، قۇشقاچقىز، تورغايجان ... لار تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى.

كۆز قىزنىڭ مەشرىپى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئاسلانگۇل، قاپلانبايلار ئۇسسۇل ئوينىدى، تىينچاق قارىغاي ئۇرۇقلىرىدىن سېرك كۆرسەتتى. قۇشقاچ-قىز، تورغايجانلار ناخشا ئېيتتى. توغراق بوۋاي ئال-تۇن رەڭ يوپۇرماقلاردىن چاچقۇ چېچىپ سورۇننى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى.

— قورروق، قورروق ... نەقەدەر قىزىغان مەشرەپ - ھە! — دېيىشتى كۆك قەرىدە ئۇچۇپ يۈرگەن تۇر-نىلار.

— كۆز قىز، سىز تەبىئەتنىڭ گۈزەل قىزى، بىز سىزدىن تولىمۇ سۆيۈنمەكتىمىز! — دېيىشتى مېھ-مانلار ۋە گۇل - گىياھ ھەم زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇق-لىرىدىن قىلىنغان چىرايلىق مارجاننى كۆز قىزنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويدى.

مەشرەپ تامام بولدى. «بۈگۈنكى مەشرەپ تولىمۇ مەنىلىك بولدى» دەپ پىچىرلىدى كۆز قىز. قۇياش بوۋاي ئالتۇن ئاپتىپىنى ئەۋەتتى، كۈمۈش رەڭ دەريا دولقۇنلۇق ناخشىسىنى ئەۋەتتى... كۆز قىز توختىد-ماي تەشەككۇر ئېيتماقتا ئىدى: «رەھمەت، رەھ-مەت!»



**يازالايمەن**

قاراڭ ئېتىزلارغا ... ____________________

____________________

قاراڭ باغلارغا ... ____________________

____________________



**بىلىۋالاي**

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋالاي.

◉ كۈز قىز بۈگۈن يېشىل يوپۇرماق كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، قىزىل يوپۇرماق كۆڭلىكىنى كىيدى.

◉ ئۇنىڭ قىپقىزىل، قىزغۇچ ۋە سارغۇچ رەڭلەردىن پۈتكەن كۆڭلىكىنىڭ ئەكسى كۆل يۈزىدە يېنىك تەۋرىنىپ تۇراتتى.



**ئوقۇيالايمەن**

ئەسەرنى دىئالوگلار بويىچە پەرقلەندۈرۈپ ئوقۇشنى مەشىق قىلاي.



تېكىستتىن بىر شەيئىنى يەنە بىر
شەيئىگە ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن جۈم-
لىلەرنى تېپىپ، نېمىنىڭ نېمىگە
ئوخشىتىلغانلىقىنى سۆزلەپ باقايلى.

كۆز قىزنىڭ مەشرىپىگە «قاتنىشىپ» تازا بىر يايرىۋالغانسىز ـ ھە؟! قېنى ئەمدى تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ تەبىئەتنىڭ تېخىمۇ گۈزەل سۈرەتلىرىنى تاماشا قىلىڭ، تېخىمۇ ئېسىل خىسلەتلىرى بىلەن تونۇشۇڭ.

## 6* رەسسام تەبىئەت①

رەسسام ئىكەن تەبىئەت،
ئۆزى چېچەن، قولى گۈل.
قالماپتۇ ئۇ سىزمىغان
دەريا، دېڭىز، ئېرىق، كۆل.



① بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى ۋاھىتجان ئوسمان.

تۆت پەسىلنىڭ رەڭگىنى
بەكمۇ كۆركەم سىزىپتۇ.
ئېتىز، ئورمان، گۈلزارنى
رەت ـ رېتىچە تىزىپتۇ.

بوستانلىقتا قۇشلارمۇ
خەندان ئۇرۇپ سايراپتۇ.
كېيىك، توشقان، ماراللار
سەكرەپ ـ تاقلاپ يايراپتۇ.



قۇياش، يۇلتۇز، ئالتۇن ئاي
ھەۋەس بىلەن بېقىپتۇ.
تەبىئەتنىڭ سۆيگۈسى
ھەممە دىلغا ئېقىپتۇ.



# 7 قارلەيلىسى

مەن قار لەيلىسىنى دورىپۇرۇشلارنىڭ «سەكسەن خالتا» سىدا كۆرگەن. ئەمما، بۇ قار لەيلىلىرى قۇرۇق بولۇپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى زادىلا ھېس قىلغىلى بولمايتتى. بۇ يىل دادام بىلەن بىللە بۇغدا كۆلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. دادام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇغدا كۆلىنى ساياھەت قىلىپلا قالماي، قارلىق تاغقىمۇ چىقتى. مەنمۇ ئۇلاردىن ئايرىلمىدىم.

تاغ ئۈستى بەك سوغۇق ئىدى، بىز قېلىن كىيىنىۋالغان بولساقمۇ، سوغۇق يەنىلا نەشتىرىنى سازجىپ، بەدىنىمىزگە تىترەك ئولاشتۇرۇۋېتەتتى. بىز قارلىق چوققىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە، دادام:

— قاراڭلار، قارلەيلىسى! — دەپ توۋلىۋەتتى.

ھەممەيلەن دادام كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدۇق. ئاجا-يىپ ئىش، قىيادا ئاپئاق قارلەيلىلىرى گويا قار بىلەن ھۆسن تالىشىۋاتقاندەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. شۇ كۆرۈنۈشىدە ئۇلار دورىپۇرۇشىنىڭ «سەكسەن خالتا» سىدىكى قۇرۇپ قالغان ھېلىقى گۈللەرگە ئازراقمۇ ئوخشىمايتتى. شۇنچە قەھرىتان سوغۇقتا، يەنە كېلىپ قېلىن قار باسقان بۇ تاغدا گۈلنىڭ ئېچىلىشى بىر ئاجايىپ مۆجىزە ئەمەسمۇ!

يەنە زەن سېلىپ قارىسام، سۆسۈن رەڭدە ئېچىلىدىغان قارلەيلىلىرىمۇ بار ئىكەن، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا چىرايلىق بولۇپ، قارلىق تاغقا ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.



بىز قارلەيلىلىرىنى تاماشا قىلىۋاتقىنىمىزدا، دادام ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى:

— قارلەيلىسى قارلىق چوققىلاردا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنۇپ چىقىشى، ئۆسۈشى ۋە گۈلىنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن ئالتە ـ يەتتە يىل ۋاقىت كېتىدۇ. گۈلى ئاخىرقى يىلىنىڭ 6 ـ ئېيىدىن 8 ـ ئېيىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېچىلىدۇ. ئۇ، ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك مەنزىرە ئۆسۈملۈكى بولۇپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپا بولىدىغان دورا ماتېرىيالى. يەنە تېخى ئۇ تاتلىق يېمەكلىك، ئىچىملىك، گىرىم بۇيۇملىرى، چاي قاتارلىقلارنىڭمۇ كەم بولسا بولمايدىغان خام ماتېرىيالى. شۇڭا، دۆلەت ئۇنى 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ئۆسۈملۈكلەر قاتارىغا كىرگۈزدى.

بۇغدا كۆلى ساياھىتىدىن قايتىپ كەلگىنىمگە خېلى ۋاقىتلار بولۇپ قالدى. لېكىن، ئاشۇ قارلىق قىيالار ئارىسىدىكى قارلەيلىلىرى كۆز ئالدىمدا شۇ پېتى تۇرماقتا. مەن قارلەيلىسىنىڭ گۈزەللىكىنى، دورىلىق قىممىتىنىلا ئەمەس، قەيسەرلىكىنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. چۈنكى، سۆڭەك ـ سۆڭەكلەردىن ئۆتىدىغان قەھرىتان سوغۇقنىڭ ئايلاپ ـ يىللاپ قىيناشلىرى كۆرۈنۈشتە ئاجىز كۆرۈنىدىغان قارلەيلىسىنى ھەرگىز باش ئەگدۈرەلمەيدىكەن.



**يادلىۋالاي**

تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇپ، ئۆزۈم ياقتۇرغان قىسمىنى يادلىۋالاي.



**مۇزاكىرىلىشەيلى**

نېمە ئۈچۈن قارلەيلىسىنى گۈزەل ھەم قەيسەر دەيدىغاندۇ؟ بىز بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى.



ئەگەر سىز قارلىق چوققىدا قارلەيلىسىنى كۆرگەن بولسىڭىز، ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېگەن بولاتتىڭىز؟



**يېزىپ باقاي**

گويا: ____________________

____________________

ئۆزگىچە: ____________________

____________________

قارلەيلىسىنىڭ قەيسەرلىكى ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسىتىدىكەن. بىز بۇنىڭدىن تەبىئەت ئانىنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتقانلىقىنى چۈشەندۇق، ئەمدى كۈز يامغۇردىن ھوزۇر ئېلىپ، كۈز پەسلىنىڭ رەڭلىرى بىلەن تونۇشۇپ باقايلى.

## 8* كۈز يامغۇرى

كۈز يامغۇرى بىر ئاچقۇچ. ئۇ سالقىنلىق ۋە ئىللىقلىقنى ھەمراھ قىلىپ، ھېچكىمگە تۇيدۇرماي كۈز بوۋاينىڭ دەرۋازىسىنى ئاستاغىنە ئاچتى.

كۈز يامغۇرىنىڭ بىر رەڭ قۇتىسى بار. قاراڭ، سېرىق رەڭنى ئاق تېرەكلەرگە بېرىۋىدى، ساپسېرىق يوپۇرماقلار يەلپۈگۈچتەك يەلپۈپ، يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىنى قوغلاشقا باشلىدى. قىزىل رەڭنى ئېرەن دەرىخىگە بېرىۋىدى، قىپقىزىل ئېرەن يوپۇرماقلىرى پوچتا ماركىلىرىغا ئوخشاپ قالدى، ئۇلار ئۇچۇپ ـ لەيلەپ كۈزنىڭ سالقىن ھاۋاسىنى ئېلىپ كەلدى. كۈز يامغۇرى ئالتۇن رەڭنى ئېتىزلارغا بەردى. قاراڭ، ئېتىزلار ئالتۇن رەڭ دېڭىزغا ئوخشاپ قالدى. قىزغۇچ رەڭ مېۋىلەرگە بېرىلدى. قاراڭ، شاخ ـ شاخلاردا مەي باغلىغان ئالما،

ئانار، قىزىل سايۋا ... لار كىشىلەرنىڭ ئۇزۇشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە. جۇخار گۈللىرى ئەڭ كۆپ رەڭگە ئېرىشتى. قاراڭ، بېغىر رەڭ، هال رەڭ، ئاق جۇخار گۈللىرى باش لىڭشىتىپ كۈز يامغۇرى بىلەن سالاملاشماقتا. كۈز يامغۇرىغا شېرىن پۇراق يوشۇرۇنغان. كۈز يامغۇرىنىڭ تامچىلىرىغا ئالما، قوغۇنلارنىڭ خۇش ھىدى سىڭىپ كەتكەن. بۇ خۇش پۇراقلار باللارنى جەلپ قىلماقتا.

كۈز يامغۇرى ئالتۇن رەڭ كانىيىنى چېلىپ، قىش بوۋاي كېلەي دەپ قالدى، دەپ جاكارلىدى. سېغىزخان شاخقا ئۇۋا ياسىدى، تىيىنلار قارىغاي ئۇرۇقلىرىنى يىغىشقا كىرىشىپ كەتتى، پاقىلار قىشچە راھەت ئۇخلاشنىڭ غېمىدە كامار كولاشقا تۇتۇندى. قارىغاي ۋە ئارچىلار قېلىن ھەم پارقىراق كىيىم كىيدى. تېرەك ۋە سۆگەت يوپۇرماقلىرى دەرەخ ئانىنىڭ ئايىغىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئىشقىلىپ، ھەممەيلەن قىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.



# سۆز ياسىغۇچى ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە

تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ قوشۇمچىسىنى ئايرىڭ ھەم بۇ قوشۇمچىلارنىڭ سۆز تومۇرىغا ئۇلانغاندىن كېيىنكى رولى ھەققىدە پارتىدىشىڭىز بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ بېقىڭ.

1. ئۇ ناھايىتى ئىشچان بالا. (          ) (          )
2. بۇ ئىشنى مەن قىلغان. (          ) (          )
3. ئۇنىڭ دادىسى بەك سۆزمەن. (          ) (          )
4. بۇ سۆزگە جۈملە تۈزۈڭ. (          ) (          )

بەزى قوشۇمچىلار سۆز تومۇرىغا ئۇلىنىپ يېڭى مەنىلىك سۆز ياسايدۇ، بەزى قوشۇمچىلار جۈملىدە سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش رولىنى ئوينايدۇ. قوشۇمچىلار مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**سۆز تومۇرىغا ئۇلىنىپ يېڭى مەنىلىك سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دەپ ئاتىلىدۇ.**

مەسىلەن:

تۇز + لۇق = تۇزلۇق

تىرىش + چان = تىرىشچان

ئەمەل + دار = ئەمەلدار

گۇۋاھ + نامە = گۇۋاھنامە

**جۇملىدە سۆزلەرنى بىر - بىرىگە باغلاش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدىغان قوشۇمچىلار سۆز تۇرلىگۇچى قوشۇمچىلار دېيىلىدۇ.**

مەسىلەن:

«مەكتەپكە ماڭدىم» دېگەن جۇملىدە «مەكتەپ» سۆزىگە «كە» قوشۇمچىسى، «ماڭ» سۆزىگە «دىم» ئۇلانمىغان بولسا، «مەكتەپ ماڭ» بولۇپ، «مەكتەپ» سۆزى بىلەن «ماڭ» سۆزى بىر - بىرىگە باغلانمىغان بولاتتى.

تۆۋەندىكى جۇملىلەرنى ئوقۇپ، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ سۆز تومۇرى بىلەن قوشۇمچىسىنى ئايرىڭ ھەم قوشۇمچىلارنىڭ تۇرىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

◉ <u>كىتابتىن</u> نۇرغۇن <u>ئۇچۇرلارغا</u> ئېرىشكىلى بولىدۇ.

(        )        (        )

◉ دوستلۇق رىشتىمىز مەڭگۈلۈك بولسۇن.
(       )   (       )

◉ قاراقۇل چوڭ دەرۋازىدا تۇرىدۇ.
(       )   (       )

تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭ. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىر سىزىق، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق ھەم سۆز ياسىغۇچى، ھەم سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئۇلانغان سۆزلەرنىڭ ئاستىغا ئەگرى سىزىق سىزىڭ.

كۈچلۈك　　ئوقۇتقۇچىغا　　ئەمگەكچىلەر
سىنىپتىن　　رەڭلىك　　قەلەمنى
دوختۇرخانا　　كۆزۈمگە　　ئاچقۇچنى　　ئوتلاق

ئۈلگە بويىچە جەدۋەلدىكى بوش كاتەكلەرنى پارتىدىشىڭىز بىلەن ھەمكارلىشىپ تولدۇرۇڭ. ئاندىن ھەربىر سۆزگە جۈملە تۈزۈڭ.

| سۆز تومۇرى | سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە | سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە | سۆز |
|---|---|---|---|
| ئاش | لىق | نى | ئاشلىقنى |
| ئىش | | | |
| ئوقۇ | | | |
| دەرس | | | |
| خەلق | | | |
| قۇم | | | |

ئۈلگە: ئاشلىقنى قەدىرلەيلى.

# مەشىق باغچىسى

### بايقىغانلىرىم



تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى خاتالىقنى بايقىۋالدىم.

1) شەمسىيە ئۇسسۇلنى غەزەپ چىرايلىق ئوينايدۇ.

2) بۈگۈن قار شارىلداپ يېغىۋاتاتتى.

3) ئوت چوڭ كۆيۈۋاتىدۇ.





### يىغىنچاقلىيالايمەن

جۈملىلەردىكى پەرقنى سېلىشتۇرۇپ ئوقۇپ باقاي ھەم يەنىمۇ يىغىنچاقلاپ يېزىپ باقاي.

△ ئۇ سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىدە ئۆز ئەكسىنى كۆردى.

△ ئۇ كۆل سۈيىدە ئۆز ئەكسىنى كۆردى

△ سۆڭەك ـ سۆڭەكلەردىن ئۆتىدىغان قەھرىتان سوغۇقنىڭ ئايلاپ ـ يىللاپ قىيناشلىرى كۆرۈنۈشـتە ئاجىز كۆرۈنىدىغان قارلەيلىسنى ھەرگىز باش ئەگدۈرەلمەيدىكەن.

△ سۆڭەك ـ سۆڭەكلەردىن ئۆتىدىغان سوغۇقنىڭ قىيناشلىرى كۆرۈنۈشتە ئاجىز كۆرۈنىدىغان قارلېي ـ لىسىنى باش ئەگدۈرەلمەيدىكەن.




**باشقا سۆز قويالايمەن**

تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى ئاستى سىزىلغان سۆز ـ لەرنىڭ ئورنىغا باشقا سۆزلەرنى قويۇپ باقاي.

ئۇ سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىدە ئۆز ئەكسىنى كۆردى.
(                )

تاغ ـ دالا، ئېتىزلار ئالتۇن رەڭدە جۇلالىنىپ تۇراتتى.
(                )



**تىل خەزىنىسى**



**يادلىۋالاي**

## سۆيۈملۈك رەڭلەر[1]

يېشىل رەڭگە مەن ئامراق،
يۇرتۇم چىمەن ئەمەسمۇ.

① بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى ئابلىكىم ھەسەن.

چىمەندوپپا بېشىمدا،
ئاپام تىككەن ئەمەسمۇ.

قىزىل رەڭگە مەن ئامراق،
قىزىلگۈللەر خۇش پۇراق.
هويلىمىز گۈل، ئۆيىمۇ گۈل،
گىلەملەرمۇ گۈل سىياق.

كۆپكۆك رەڭگە مەن ئامراق،
كۆپكۆك دېڭىز يالتىراق.
كۆپكۆك ئاسمان دەر ماڭا:
«ئۇچقۇچى بوپ كەل پاتراق!»





## يېڭىلىتماقتا يېڭەلەيمەن

بۇ ئاچقۇچنى ئاچقۇچ ئاسقۇچقا ئا-
سىمىز!



## ئاغزاكى ئالاقە

# كۆز خۇشاللىقى

كۆز كۆنلىرىنىڭ بىرىدە مەن دادام ـ ئاپاملار بىلەن سەيلىگە چىقتىم. ئەتراپ ئالتۇن رەڭگە پۈركەنگەنىدى. مەن بالىلار بىلەن چۆپلۈكتە موللاق ئېتىشىپ، قوغلىشىپ ئوينىدىم...

بىز كۆز پەسلىدىكى ئىشلىرىمىزنى ئۆزئارا سۆزلىشىپ، كۆز خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولايلى. سۆزلىگەندە، ھېسسىياتىمىزنى تولۇق ئىپادىلەپ، ئاڭلىغۇچىلار تەسىرلەنگۈدەك سۆزلەيلى.



## يېزىقچىلىق مەشقى

كۆز مەنزىرىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر پارچە رەسىمنى تاللاپ ياكى سىزىپ، ئالدى بىلەن ساۋاقداشلىرىڭىزغا رەسىم مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭ، ئاندىن رەسىم مەزمۇنىغا ئاساسەن بىر پارچە يېزىڭ. يازغاندا، ئادەتتىكى چاغلاردا توپلىغان سۆز ـ

جۈملىلەردىن پايدىلىنىشقا دىققەت قىلىڭ. يېزىپ بولغاندىن كېيىن، پارتىدىشىڭىزغا ئوقۇپ بېرىڭ ۋە ئۇنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئەستايىدىل تۈزىتىپ چىقىڭ. ئاندىن رەسىم بىلەن ئەسىرىڭىزنى سىنىپقا چاپلاپ، كۆپچىلىكنىڭ زوقلىنىشىغا سۇنۇڭ.

## ئىپادىلەش سەھنىسى





## يېزىقچىلىق مەشقى

## كۈندىلىك خاتىرىنى قانداق يېزىش كېرەك

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا خاتىرىلەپ يېزىپ قويۇشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئىشلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. بۇلارنى قانداق خاتىرىلىۋالساق بولار؟ ئەڭ توغرىسى بىز كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى ئۆگىنىۋالايلى ۋە يېزىپ باقايلى.



○ كۈندىلىك خاتىرە بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىز ھەققىدىكى خاتىرىدۇر. ئەھمىيىتى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا كۈندىلىك خاتىرە ئۈچۈن ئوبدان ماتېرىيال بولالايدۇ. مەسىلەن: بىر كۈندە قىلغان ئىشلار، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلار، ئوقۇغان كىتابلار، مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر، ئۆيدە قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۈندىلىك خاتىرىگە يېزىشقا بولىدۇ.

○ كۈندىلىك خاتىرە يازغاندا، ئاۋۋال خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى تاللاش كېرەك. يېزىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا ئەمەس، مەز-

مۇنلۇق بولۇشىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئاڭلىغان، كۆرگەن ۋە بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىۋەرمەستىن، بىرەر ئىشنى ياكى ئۇنىڭدىن ئالغان تەسىراتنى يازسىمۇ بولىدۇ. كۈندىلىك خاتىرىنىڭ دائىم بىر قېلىپتا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

○ كۈندىلىك خاتىرە يازغاندا يىل، ئاي، كۈن، ھەپتىنىڭ قايسى كۈنى ئىكەنلىكىنى ۋە ھاۋا رايىنىڭ قانداقلىقىنى يېزىش، شۇنداقلا سۆز ـ جۈملىلەرنى راۋان، خەتنى توغرا ھەم ئېنىق يېزىش كېرەك.



ئۈلگە

## بىر پارچە كۈندىلىك خاتىرە

2004 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، جۈمە، ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن مېنى پارتىدىشىم ئەركىن: «سەن قەلەندەرمۇ؟!» دەپ ئەيىبلىدى.

ئەسلىدە مەن ئۇ تاشلىۋەتكەن پۇچۇق ئۆچۈرگۈچنى يەردىن ئېلىپ، قەلەمدېنىمغا سېلىۋالغاندىم، ئەركىن بۇ ئىشنى كۆرۈپ قالغان چېغى. مەن:

— ئاداش، بۇ ئۆچۈرگۈچنى يەنە ئىشلەتكىلى بو-

لىدىكەنغۇ؟ — دېدىم. ئەركىن باللارغا:

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار! بۇگۈندىن باشلاپ تاش-لىۋېتىدىغان ئەسكى - تۇسكىلىرىڭلار بولسا غەيرەت-كە بېرىڭلار! — دەپ توۋلىدى. باللار پاراققىدە كۈ-لۈشۈپ كېتىشتى.

مەن ئىسراپچىلىققا ئۆچ. رەھمەتلىك بوۋام دائىم ماڭا: «ئىسراپچىلىق قىلسا يامان بولىدۇ» دەيتتى. شۇڭا، مەن پۇچۇق ئۆچۈرگۈچنى ئۆزۈم ئىشلىتىپ، يېڭى ئۆچۈرگۈچۈمنى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ساۋاقدىشىم يۇلتۇزغا بېرەي، دەپ ئويلاۋاتىمەن.

سۆيۈملۈك بوۋا، بۇ قىلغىنىم توغرىمۇ؟



مەنمۇ بىر بىر پارچە كۈندىلىك خاتىرە يازالايمەن.

## ئۈچىنچى بۆلەك

# ئەجدادلار مىراسى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىباھا بايلىق. بۇ بۆلەكتىكى ئەسەرلەر ئارقىلىق قەدىمكى مۇتەپەككۇرلار بىلەن تونۇشۇۋالايمىز، ئۇلارنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرى بىزگە ئادەم بولۇش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەسەرلەردىكى ھېكمەتلەر بىلىم ئېلىش قىزغىنلىقىمىزنى ئۇرغۇتىدۇ. ئېپتىخارلىنىش ھېسسىياتىمىز بىلەن بۇ تېكىستلەرنى ئوقۇپ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنىڭ پارلاقلىقىنى ھېس قىلايلى.



# 9 كىچىك رىياسەتچى

پوتكول تەبىئەت قىشلىق چاپانلىرىنى سېلىپ يايپېشىل تون كىيدى. گۈل - چېچەكلەر بەس - بەس بىلەن ئېچىلىپ تەبىئەتكە تېخىمۇ ھۆسن قوشتى. بۇ، مىلادىيە 1025 - يىلى ئىدى.

قاراخانىيلارنىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى دەريا ساھىلىدا بىر توپ بالىلار غۇژمەك بولۇپ، موڭگۇز - موڭگۇز ئويۇنىنى باشلىۋەتتى. ئارىدىن زەر تۇتقان دوپپا كىيگەن بىر بالا موڭگۇزلۇك ھايۋانلارنىڭ نا- مىنى ئاتاشقا باشلىدى.

— موڭگۇز - موڭگۇز بۇغا، ئۆي، قوچقار، سى- يىر، تېكە...

رىياسەتچى بالا ئىتتىك - ئىتتىك ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇ ئېيتىۋېتىپ موڭگۇزلۇك ھايۋانلارنىڭ نامىغا ئۇلاپلا موڭگۇسىز ھايۋانلارنىڭ نامىنىمۇ ما- ھىرلىق بىلەن قىستۇرۇۋېتەتتى.

— موڭگۇز - موڭگۇز سىيىر، تېكە، تۆگە، غول-

* بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى يارمۇھەممەت تاھىر تۇغلۇق.


جا، جەرەن ....

— ... تۆگە ... — بۇلۇق ئىسىملىك بالا ئېزىقىپ كەتتى.

باللار ئارىسىدا قاتتىق كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئۇلار چۇرقىرىشىپ، ئولتۇرغان بالىغا ئويۇننىڭ قائىدىسى بويىچە «خاقان» نىڭ ئەمرىنى ئورۇنداتقۇزماقچى بولدى. ئەسلىي ئويۇن قائىدىسىدە بۇلۇقنى پۇت - قولىدىن تۇتۇپ ئېقىنغا تاشلاپ «سەگىتىش» كە توغرا كېلەتتى. لېكىن، رىياسەتچى بالا كەسكىنلىك بىلەن:

— بۇلۇق، سېنى «سەگىتىش» كە بۇيرۇش كېرەك ئىدى. بىراق، سۇ لاي ھەم ئۇلۇغكەن. شۇڭا، خالىساڭ «گۈل ئۈزۈش» نى ئورۇنداپ بەرسەڭمۇ بولىدۇ،





— دەپ پەرمان قىلدى. بۇلۇق ئۆزىنى نوچى كۆر-سىتىشكە ئامراق بولغاچقا، «سەگىيمەن» دەپ تو-رۇۋالدى.

— بوپتۇ، — دېدى «خاقان»، — ياز كەلمەيلا چۆمۈلگۈڭ بار ئوخشايدۇ. قېنى باتۇرلىرىم، ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار!

شۇنىڭ بىلەن تۆت بالا كېلىپ، بۇلۇقنىڭ پۇت-قولىدىن زەمبىلچىلاپ كۆتۈرۈپ دەرياغا تاشلىماقچى بولۇشتى:

— بىر، ئىككى ...

— توختاڭلار! — «خاقان» ۋارقىرىدى، — بۇ-لۇق، يۈرىكىڭ خېلى چوڭكەن - ھە! لېكىن، قاراملىق باتۇرلۇق ئەمەس! باتۇرلىرىم، دەريانى ئاچلاپ ئېرىق ئاچايلى، ئاۋۇ ئورەككە سۇ باشلايلى!

بالىلار رىياسەتچىنىڭ سۆزىدىن خۇش بولۇشۇپ «ئوردىكام»، «چىم» ئويۇنىدا ئىشلەتكەن گۈرجەكلىرى بىلەن نەم قۇم - توپىنى قېزىپ، ئېرىق ئې-چىپ، كۆلچەككە سۇ باشلىدى. ئۇلار تېخىمۇ قىزىق-قىش بىلەن «ئۆستەڭ» قېزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

— توختاڭلار! ئەمدى «سەگىتىش» بۇيرۇقى بەجا كەلتۈرۈلسۇن!

بايىقى تۆت بالا يۈگۈرۈپ كېلىشتى - دە، بۇلۇق-

نى پۈت ـ قولىدىن كۆتۈرۈپ، كۆلچەكنىڭ يېنىغا ئاپاردى.

ـــ بىر، ئىككى، ئۈچ!

«پالاق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بۆلۈق لاي سۇغا دۈملا چۈشتى. بالىلار قىيقاس سېلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بۆلۈقمۇ ھىجايغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ گويا لاي ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بالىلار ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ تېخىمۇ كۈلۈشتى. شەيتىنى كۈچلۈكلەر يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ تېپىرلاپ كەتتى.

ـــ «سەگىتىش» تامام. بۆلۈق دائىما چىچەن تۇر ـ غاي!

«خاقان»نىڭ پەرمانى بىلەن بالىلار بۆلۈقنى كۆل ـ چەكتىن چىقىرىپ ھۆل كىيىملىرىنى سالدۇردى. رىياسەتچى بالا ئۇنىڭغا تامبىلى بىلەن كۆڭلىكىنى كىيدۈرۈپ قويدى. ئۆزى پەرەنجە ۋە شىمى بىلەنلا قالدى.

رىياسەتچى بالا يەنە كېيىنكى ئويۇنلارغىمۇ رىيا ـ سەتچىلىك قىلدى. ئاداشلىرى بۇ بالا بىلەن ئويناش ـ قا بەكلا ئامراق ئىدى. بۇ زېرەك بالا كېيىنكى چاغلاردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، مەشھۇر دۆلەت ئەر ـ بابى، بۈيۈك قامۇس «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىدى.





**ئوقۇڭ**

ھېكايىنى ئەدەبىي تەلەپپۇزدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.



**يازالايمەن** تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مەنداش سۆزلەر-نى يېزىڭ.

زېرەك ______________________

ماھىر ______________________

مۇرادىغا يەتمەك ______________________

پەرمان قىلىش ______________________



**جۈملە تۈزۈپ باقاي**

كەسكىنلىك بىلەن:

______________________________________

بەجا كەلتۈرمەك:

______________________________________



كىچىك رىياسەتچىنىڭ باشقا مۇزاكىرىلىشەيلى بالىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدە-


دىلىكىنى قايسى تەرەپلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ؟

## كۆچۈرۈۋالاي. يادلىۋالاي

بىلىم بايلىق ئول گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

غەزەپ بىلەن ئاچچىق كىشىگە يامان،
چېكەر تەن ھەمىشە بۇلاردىن زىيان.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ



يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىر ۋە مەشھۇر دۆلەت ئەربابى. ئۇ 11 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پايتەختلىرىدىن بىرى بولغان بالاساغۇن شەھىرىدە تۇغۇلغان، قەشقەردە ياشاپ ئىلىم تەھسىل قىلغان ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ۋەزىر بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق مەشھۇر داستانى ئۆز زامانىسىدا دۆلەت باشقۇرۇشنىڭ ئىسىل قوللانمىسى سۈپىتىدە داڭق قازانغان، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يۈكسەك ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي قىممەتكە ئىگە.

«كىچىك رىياسەتچى» نىڭ ھېكايىسىدىن بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىلا زېرەك، كۆيۈمچان ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. ئەمدى ئاشۇ بوۋىمىز بىلەن زامانداش ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» ناملىق ئەسىرىدىكى ياز تەسۋىرىدىن قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىل گۈزەللىكىنى ۋە تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتىنى ھېس قىلىپ باقايلى.

## 10* ياز قوشاقلىرى①



ئەسلىيسى: ياي بارۇبان ئەرگۈرى،
ئاقتى ئاقىن مۈندۈزى،
تۇغدى يارۇق يۇلدۇزى،
تىڭلا سۆزۈم كۈلكۈ سۈز.

يەشمىسى: ياز كېلىپ مۇز ئېرىدى،
قىيان سۈيى ئۆرلىدى.
تۇغدى يورۇق يۇلتۇزى،
كۈلمەي سۆزگە، تىڭشا ـ ئۇق.

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئېلىندى.

ئەسلىنىسى: ئاغدى بولىت كوكرەيۇ،
ياغمۇر، تولى سەكرىيۇ،
قالىق ئانى ئۆگرىيۇ،
قانچا بارىر بەلگۇسۇز.

يەشمىسى: بۇلۇت ئىغىپ كۆكلەيدۇ،
يامغۇر — مۆلدۈر سەكرەيدۇ.
بوران ئۇنى ھەيدەيدۇ،
باراردىن نىشان يوق.

ئەسلىيسى: تۇرلۇگ چەچەك يازىلدى،
بارچىن يادىم كەرىلدى.
ئۇچماق يەرى كۆرۈلدى،
تۇملۇغ يەنە كەلگۇسۇز.





يەشمىسى: گۈل ـ چېچەكلەر ئېچىلدى،
يېپەك گىلەم يېپىلدى.
يەردە جەننەت كۆرۈندى،
كەلمەس ئەمدى جۇت ـ سوغۇق.



# 11 ئامانىسا

نورۇز بايرىمىغا ساناقلىقلا كۈنلەر قالدى. مۇقام-چى قىدىرخان يەركەندى يېڭىلا پوتلا چىقارغان تاللارغا قارىغىنىچە بىر ھەپتە ئاۋۋالقى ئىشلارنى ئەسكە ئالدى. يەتتە كۈن ئىلگىرى ئۇ 10 ياشلىق شاگىرتى ئامانىساخانغا مۇقامدىن ئارىيە ئۆگىتىش-كە باشلىغانىدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئارىيەنىڭ شېئىر-دىن تازا رازى ئەمەس ئىدى.

— قىزىم، — دېدى ئامانىساغا، — نۇرغۇن غە-زەلنى يادقا بىلىدىكەنسىز، غەزەلدىن بىرنەچچىنى يادلاپ بېقىڭە، ئاھاڭغا سېلىپ كۆرەيلى.

ئامانىسا ساتارنى چالغاچ نەۋائىينىڭ بىر غەزە-لىنى بوش ئاۋازادا يادلىدى. ئۇستازمۇ ئۇنىڭغا قو-شۇلۇپ غىڭشىدى. ئاخىرىدا:

«يارايسىز قىزىم، دەل كۆڭلۈمدىكىدەك بولدى. مۇشۇ بويىچە ئۆگىنەيلى» دېگەنىدى ئۇ.

بۇ ئىشقىمۇ مانا بەش كۈن بولدى. ئەمما، بۇ ئارد-يەنى بىر كۈنلا مەشىق قىلالىدى. مانا ئالتە كۈن بولدى، كەلمەي قويدى. بۇ ئىش ئۇنى ئەنسىرەتتى.

ئۇ پات ـ پات دەرۋازا تەرەپكە قاراپ قويياتتى.

دەرۋازا ئېچىلدى. ئۇستازنىڭ چىرايى ئاپتاپتەك نۇرلىنىپ كەتتى.



— ئەسسالامۇ ـ ئەلەيكۇم ئۇستا ـ زىم! — قولىدا ساتار كۆتۈرگەن غۇنچە بوي قىز سالام بەردى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېلىڭ قىزىم، كېلىڭ! دادىڭىز كەلمەپتىغۇ؟

— يالغۇز كەلدىم، — دېدى قىز پېشانىسىدىكى مونچاق ـ مونچاق تەرلەرنى سۈرتۈپ.

— يالغۇز كەلدىم؟! شۇنچە ئۇزاق يولنى يالغۇز





پىيادە بېسىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ئات ئۇركۈپ كېتىپ دادامنىڭ بىر پۇتى چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئامانىنىسا كۆڭلى يېرىم هالدا.

— ئاپلا، يامان بوپتۇغۇ! ئۇنى نورۇزدىن كېيىن يوقلاي، ئەمدى ۋاقىتنى چىڭ تۇتايلى، كېلىڭ قىزىم، ساتارنى سازلاڭ! — دېدى ئۇستاز ئالدىراپ.

ئۇلار بىر كۈن بېرىلىپ مەشىق قىلدى. بىراق، ئۇستاز شاگىرتىنىڭ ئىپادىسىدىن تازا رازى بولۇپ كېتەلمىدى. ئەمما، بۇنى چاندۇرمىدى. دەرستىن كېيىن ئۇ ئامانىنىسانى ئۆزىنىڭ ياۋاش ئېتىغا مىندۇرۇپ، ئۇزىتىپ قويدى.

ئامانىنىسا كۆڭلىدە «يەنە نەچچە كۈندىن كېيىن كۆرەك بولىدۇ. دادام ساقايمىسا، مەنمۇ مۇزىكىنى ياخشى چالالمايدىكەنمەن، شەھەرگە بېرىپ سادىر تېغىنقچىنى باشلاپ كەلسەم؟...» دەپ ئويلىدى.

تولۇن ئاي كۆكنىڭ قەرىگە چىققان چاغدا ئامانىنساخان ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. سادىر تېغىنقچىمۇ بىللە كەلگەنىدى. ئۇلارنى كۆرۈپ قىزىدىن قەۋەتلا ئەنسىرىگەن مىرزا مەھمۇدنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى.

ئاخىر نورۇز كەلدى. يەركەن سەئىدىيە خانلىقىدا يىلدا بىر ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈي - مۇقامچىلار كۆرىد-

كى قىزىپ كەتكەندى. كۆرەكتە باللار ئارىسىدىن تاللانغان قىرىق ئۆرۈم چاچلىق ئامانىنىسا ئورۇندىغان مۇقام لەكمىڭ نورۇز ئەھلىنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇردى. ئامانىنىسا مۇكاپات بېرىلگەن 90 ئاقچىنى ئېلىپ ئۇستازى قىدىرخانغا تۇتتى.

— ئۇستازىمغا تەشەككۈر، دادام ئىككىمىز بۇ پۇلنى كۇيخانا① سېلىش ئۈچۈن ئويلاشقانىدۇق، ماقۇل كۆرگەيلا!

ئۇستاز قىدىرخان يەركەندى پۇلنى ئېلىۋېتىپ ھاياجاندىن قوللىرى تىترەپ كەتتى.



ھېكايىنى ئەدەبىي تەلەپپۇزدا توغرا، راۋان، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



**باشقا سۆز قويالايمەن**

مىرزا مەھمۇدنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى.

(          )

ئەل بۇ قىزغا ئاپىرىن ئېيتتى.

(          )

① كۇيخانا — مۇزىكا مەشىقخانىسى.

ئۇستازىغا تەشەككۈر ئېيتتى.
(          )



## جۈملە تۈزۈپ باقاي

لەكمىڭ نورۇز ئەھلىنى ھەيرانۇ ھەس قالدۇردى.

ئەھلى: ______________________________

______________________________

ئۇلارنى كۆرۈپ قىزىدىن قەۋەتلا ئەنسىرىدى.

قەۋەتلا: ______________________________

______________________________







ئامانىنىساخان (1533 ـ
1567 ـ يىللار) ئاتاقلىق
مۇقامشۇناس، ئۇ دولان
(ھازىرقى مەكىت) دا
دۇنياغا كەلگەن. ئۇ كە ـ
چىكىدىن تارتىپ دادى ـ
سىدىن ساتار چېلىش،
مۇقام ئېيتىشنى ئۆگەن ـ
گەن، يەركەن سەئىدىيە
خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرېشىتخان ئۇنى
خانىشلىققا تاللاپ ئوردىغا ئەكەلگەن. ئاما ـ
نىساخان ئوردىدا قىدىرخان يەركەندى قاتار ـ
لىق مۇقامشۇناسلار بىلەن بىللە ئۇيغۇر «ئون
ئىككى مۇقام»نى يىغىپ، رەتلەپ قېلىپلاش ـ
تۇرغان. ئۇ «ئىشرەت ئەڭگىز» مۇقامىنى ئى ـ
جاد قىلغان، «دىۋان نەفىسى» ناملىق شې ـ
ئىرلار توپلىمىنى يازغان.

كىچىك ئامانىنسانىڭ مۇزىكا تالانتى ۋە مۇزىكىغا بول-غان مۇھەببىتى، ئەقىللىقلىقى ۋە كۆيۈمچانلىقى بىزگە ھەر ۋاقىت ئىلھام بەرگۈسى. تۆۋەندىكى ھېكايىدىكى باش قەھرىمانىنىڭ قىزىقىشى ۋە پاراستى بىزگە يېڭىچە ئىل-ھام بەخش ئېتىدۇ، شۇنداقلا ئەجدادلىرىمىزغا بولغان ئېپتىخارلىق تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىدۇ. ھېكايىنى ئوقۇپ، ئوقۇش تەسىراتىمىزغا بىرلەشتۈرۈپ باش قەھرىمانغا با-ھا بېرىپ باقايلى.

# 12* ئۇلۇغبەگ ھەققىدە ھېكايە



خاقان ئەمىر تۆمۈر كوراگان شام ۋە رۇمدىن زەپەر قۇچۇپ قايتقاندىن كېيىن ئەمدىكى ھەربىي يۈرۈش-نىڭ تەييارلىقىغا كىرىشتى. شۇ سەۋەبتىن فىرۇزە بېغىدىكى سارايغا ھەربىي ئالىم ۋە سانغۇنلىرىنى يىغىپ كېڭەش قۇرغىنىغا ئىككى كۈن بولغانىدى. جەڭگىۋار نەۋكەرلەر باغنى ئۈچ قات ھالقا شەكلىدە قورۇقدايتتى، ئۇلار خاقانىنىڭ ئەمرىسىز ھەرقانداق كىشىنىڭ كىرىپ-چىقىشىغا يول قويمايتتى.

ئىمپېراتور ئەمىر تۆمۈرنىڭ نەۋرىسى ئۇلۇغبەگ بۇ كۈنلەردە كۆكسارايدىكى كۈتۈپخانىسىدا كۈندۈزدە

رۇمچە، يۇنانچە، ئەرەبچە، پارسچە كىتابلارنى ئوقۇپ ئىلىمنى بېيىتسا، تۇندە رۇمدىن كەلتۈرۈلگەن كو ـ نا تېلېسكوپنى ئىلغار قىلىپ ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تەجرىبە ئىشلەيتتى. ئەمما، ئاخشام يۇلتۇزلارنى كۆ ـ زەتكەندىن باشلاپ ئۇنىڭ زېھنى چېچىلىپ ئىشى ئىش بولمىدى.

كەچ كىردى، «يۇلتۇزلار نېمە دەيدىكىن، ئۇلاردىن ئېنىق بىر جاۋاب ئالاي» دېدى ئۇلۇغبەگ ئۆز ـ ئۆ ـ زىگە. ئاندىن ئەڭ ئېگىز مۇنارغا جايلاشقان رەسەتخا ـ نىسىغا چىقتى. ئۇ يەردە تاڭ ئاتقۇچە ھېساب ـ كى ـ تاب بىلەن مەشغۇل بولدى. «بوۋامنىڭ ھەربىي يۇ ـ رۇشى قۇتمۇ ياكى جۇت؟...» دەپ ئويلايتتى ياش مۇ ـ نەججىم، ئۇ ئاۋۋال يۇلتۇزلارنىڭ ئېگىزلىك ھالى ـ تىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ يىللىق ئورۇندىلىشىنى ئې ـ نىقلىدى. ئاندىن ئۇلارنى كەڭرى قەغەزگە ئون ئىك ـ كى بۇرج بويىچە جايلاشتۇردى. يىلنامىلەرنى ۋاراقلىدى. ناھايەت تاڭ ئاتقاندا جاۋابقا ئېرىشتى. ئەپسۇس جاۋاب: «بۇ ھەپتە، بۇ ئاي جۇت بولۇر!» دې ـ گەن ھۆكۈم بولدى. «بۇ نېمە جۇت ـ بالادۇر؟ نەدە كىملەرنىڭ بېشىغا كېلەر؟». رەڭگى ئۆچكەن ئۇ ـ لۇغبەگ شۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا ئۆزى لايىھىلە ـ گەن يەرگە يەتمىش غۇلاچ تىك كۆمۈلگەن مىس تۇۋ ـ

روك «ساز چېلىپ» تىترەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ بىگىزسىمان ئۇچىغا قويۇلغان كۈمۈش تەخسە يېنىك تەۋرەندى. تەخسىدىكى مەرۋايىت شەرق تەرەپكە دومىلىدى ـ دە، قوندىقتىنىڭ ئاستىدىكى ئورەكچىگە چۈشتى. ئۇلۇغبەگ دېرىزىنى ئېچىپ شەرق تەرەپكە نەزەر تاشلىدى. «فىرۇزە بېغى... بوۋام...» ئۇلۇغبەگ گاڭگىراپ قالدى. ئاندىن ئېسىنى يىغىپ مۇنارنىڭ سىرتىدىكى سىيرىلغۇچ بىلەن «غىرلا» قىلىپ پەسكە چۈشتى. ئېتىنى قامچىلاپ بوۋىسى تەرەپكە قاراپ چاپتى.



ئۇلۇغبەگ، ئېتى قارا تەرگە چۆمگەندە باغقا يې-
قىنلاشتى. قارىسا قورۇقچىلار باغ تەرەپكە بىرەر
ئۇچار قاناتنىمۇ ئۆتكۈزىدىغاندەك ئەمەس. ئۇلۇغبەگ
باغقا خاننىڭ رۇخسىتىدىن كېيىن كىرىشكە تەخىر
قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتنى
قامچىلاپ، قىلىچنى يالىڭاچلاپ، بار كۈچى بىلەن
قىرقىراپ باستۇرۇپ باردى. ئۇنىڭ ئەلپازىنى كۆر-
گەن نەۋكەرلەر ھودۇقۇشتى. ئۇلۇغبەگ شىددەت بى-
لەن باستۇرۇپ بېرىپ كېيىنكى ئىككى ھالقىنىمۇ
بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاپقىنىچە ئۇدۇل سارايغا
كىرىپ كەتتى. قىلىچنى ئوينىتىپ كىگەش ئەھلى-
نى سۇر - توقاي قىلىۋەتتى. بىرنەچچە نەۋكەر ھاڭ
- تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالغان ئەمىر تۆمۈرنى قورۇقداپ
سىرتقا ئېلىپ چىقىشتى. سارايدا ئادەم قالمىدى.
ئۇلۇغبەگمۇ ھويلىغا چىقتى. نەۋكەرلەر يوپۇرۇلۇپ
كېلىپ ئۇنى تۇتۇپ، قىلىچنى تارتىۋالدى. غەزەپتىن
يېرىلغۇدەك بولغان خاقان نەۋرىسىگە تۇنجى قېتىم
ۋارقىرىدى:

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ، ۋۇي ئەدەپسىز؟!

ئۇلۇغبەگ چۈشەندۈرۈشكە ئۇلگۈرمىدى. ئاشۇ
لەھزىدە يەر قاتتىق سىلكىندى. ئۆي تاملىرى
تاراس - تۇرۇس يېرىلىپ غۇلىدى، ياغاچلار غاراس

ـ غۇرۇس سۇنۇپ ئۆگزىلەر گۇمۇرۇلدى. چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. خاقان نەۋرىسىگە قارىدى. نەۋرىسى خان بوۋىسىغا قارىدى.

ــ بۇ ھالنى قانداق بىلدىڭ؟ ــ سورىدى ئەمىر تۆمۈر.

ــ ئاي ـ يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىغا قاراپ، ھېسابلاپ پات ئارىدا جۇت بارلىقىنى پەملىدىم. مىس تۈۋرۈكۈم بۇگۈن مۇشۇ دائىرىدە يەر تەۋرەيدىغانلىقىدىن بېشارەت بەردى، ــ دەپ چۈشەندۈردى ئۇلۇغبەگ.

خاقان نەۋرىسىدىن چەكسىز مەمنۇن بولدى. ئەتىسى ھەربىي يۈرۈش توختىتىلغانلىقى جاكارلاندى. ئۇرۇشلاردا چارچىغان نەۋكەرلەر بىلەن لەشكەرلەر يارلىقنى ئاڭلاپ خۇشاللىقتا چۈمۈشتى.

## ياسالما سۆز

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تومۇرى بىلەن قوشۇمچىسىنى ئايرىڭ ھەم قوشۇمچىنىڭ قانداق قوشۇمچە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ.

| | |
|---|---|
| تارتما | ئوقدان |
| ئۇچقۇچى | باغلا |
| سۇرتكۈچ | قىشلىق |
| بىلىم | سۇسىز |

**سۆز تومۇرىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىپ، يېڭى مەنە ئاڭلاتقان سۆزلەر ياسالما سۆزلەر دېيىلىدۇ.**

مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئەخلاقلىق، | ئىنتىزامچان | ئۇمىدلىك |
| جۇرئەتلىك | ۋەتەنپەرۋەر | چايدان |

بەزى ياسالما سۆزلەر ئىككى تۈپ سۆزنىڭ قوشۇ-
لۇشىدىنمۇ ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:

خەلقئارا    خەلق + ئارا

دۇنياقاراش    دۇنيا + قاراش

تۆۋەندىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن پايدى-
لىنىپ ھەربىرىگە ئىككى ياسالما سۆز ياساڭ.

چى: ____________ ____________

چان: ____________ ____________

دان: ____________ ____________

سىز: ____________ ____________

ۋەن: ____________ ____________

لا: ____________ ____________

لىك: ____________ ____________

تۆۋەندىكى سۆزلەرگە مۇۋاپىق سۆز ياسىغۇچى
قوشۇمچىلارنى قوشۇپ ياسالما سۆز ياساڭ ھەم جۈم-
لە تۈزۈڭ.

ئەقىل: ________________________

________________________

ئىش: ________________________

________________________

ئاش: ________________

________________

تۆۋەندىكى ماقالالارنى ئوقۇپ توپ سۆزنىڭ ئاستى-غا بىر سىزىق، ياسالما سۆزنىڭ ئاستىغا ئىككى سىزىق سىزىڭ.

1. بىلىمسىزلىك نامراتلىقتىن يامان.
2. چۈشلۈك ئۆمرۈڭ بولسا، كەچلىك ئوزۇق تاپ.
3. راستلىق — ھەقلىق.
4. مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن.

ئۆزىمىز بىلىدىغان ياسالما سۆزلەرنى ئېيتىشىپ باقايلى، قېنى كىم بىلىدىكىن؟

# مەشىق باغچىسى

بايقىغانلىرىم



تاپالايمەن تۆۋەندىكى جۈملىلەردىكى كېسەلنى تاپالايمەن.

1) يولدا بىر داداش ساڭا سالام ئېيتتى.

2) فىلورەنىڭ چاپىنى بەك سەت چىرايلىقكەن جۈمۈ.

3) تولا سۆزلەپ ئادەمنى چىبىڭ قىلمىغىنە.



سۆز بىرىكمىسى تۈزىيەلەيمەن

| | |
|---|---|
| مېھىر (　　　　) | مەشھۇر (　　　　) |
| غۇنچە (　　　　) | قەھرىتان (　　　　) |
| شەيتىنى (　　　　) | بىباھا (　　　　) |



بىلىۋالدىم قوشۇمچىلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە، ________________ قاتارلىق

______ قاتارلىق قوشۇم-

چىلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئىكەن.



## تىل خەزىنىسى




ئىنسان بىلىمى بىلەن ھەممىگە قول ئۇزىتالايدۇ.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزۈڭنىڭ ئىغىر يۈكىنى باشقىلارغا يۈدكۈزمە.

— مەھمۇد كاشغەرىي

ئىلىم - پەن قۇدرەتلىك كۈچتۇر. ئىلىم - پەن بىلەن قوراللانغان كىشىلەر ھامان غالىبتۇر.

— ئەھمەد يۈكنەكى

بىلمىگەننى سوراپ ئۆگەنگەن ئالىم بولۇر،
ئارلىنىپ سورىمىغان ئۆزىگە زالىم بولۇر.

— ئەلىشىر نەۋائىي

بىلىمى يوق كىشى جېنى يوق مۇردىغا ئوخشايدۇ.

— ئابدۇللا خاراباتى



## مەنىسىنى بىلىۋالاي

تۆۋەندىكى ماقال ـ تەمسىلنىڭ مەنىسىنى بىلىۋالاي.

تارتىنساڭ كېپىڭ قالۇر،
ئېرىنسەڭ ئىشىڭ (قالۇر).

چۈمۈلىنىڭ پۈتىدىن ئۆگەنسەڭ ئۆگەنگىن، قۇشقاچنىڭ تىلىدىن ئۆگەنمە.





## ئاغزاكى ئالاقە

سىلەر مەشھۇر شەخسلەردىن يەنە كىملەرنى بىلىسىلەر؟ ئۇلار ھەققىدە قانداق ھېكايىلەرنى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىغان؟ بىلىدىغانلىرىڭلارنى ئاۋۋال گۇرۇپپىدا ساۋاقداشلار ئارا سۆزلىشىپ بېقىڭلار، ھەر قايسى گۇرۇپپىلارنىڭ ۋەكىللىرى سۆزلىگەندە، ئۆز گۇرۇپپىسىدىكىلەر تولۇقلىسا، باشقا گۇرۇپپىدىكىلەر سوئال سورىسا بولىدۇ. ئاخىرىدا قايسى گۇرۇپپىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ياخشى بولغانلىقىنى باھالاپ باقساڭلار بولىدۇ.



## يېزىقچىلىق مەشقى

بۇ بۆلەكتىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇش ۋە ئاغزاكى ئالاقە جەريانىدا نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە سىزگە قايسى شەخسنىڭ قانداق ئىش - پائالىيەتلىرى تەسىر قىلدى؟ تەسىراتىڭىزنى قىسقىچە يېزىپ بېقىڭ.

بۇلار مەن توپلىغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ سۈرىتى



مەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىدىن بىر توپلام ئىشلىدىم.



بىزنىڭ گۇرۇپپا مەشھۇر شەخسلەرنىڭ هاياتى توغرىسىدا كىچىك توپلام ئىشلىدۇق.

بۇ بىزنىڭ گۇرۇپپا ئىشلىگەن «ئەجدادلار مىراسى» تېمىسىدىكى قوليازما گېزىتى.



# كۆزىتىش ۋە بايقاش

سىز ئالما يېگەندە، ئۇنىڭ ئىچىگە دىققەت قىلىپ باققانمۇ؟ يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاشلىرىنى، ئاي ۋە كۈننىڭ تۇتۇلۇشىنى كۆزىتىپ باققانمۇ؟ چۈمۈلىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە زەن سېلىپ باققانمۇ؟ ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەردە ئاجايىپ سىرلار بار. بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئەستايىدىل ئوقۇپ، ئاپتور بايقىغان سىرلارنى چۈشىنىۋالىلى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىزمۇ ئەتراپىمىزدىكى نەرسىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىپ باقايلى.



# 13 كۆزىتىش خاتىرىسى

يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلاندى. تەكشۈرۈپ بولـ-
غان تەتىللىك تاپشۇرۇقلار ئىچىدىكى ئۆزۈم ئايرىم
ئورۇنلاشتۇرغان «كۆزىتىش خاتىرىسى» يېزىش تاپ-
شۇرۇقىدىن ئەلقەمنىڭ يازغىنىنى تاللاپ، ئوقۇغۇ-
چىلارغا ئوقۇپ بەردىم.

## كۆزىتىش خاتىرىسى

كۆزىتىش ئوبيېكتى: كۈننىڭ تۇتۇلۇشى.
كۆزىتىش ئورنى: ئاراتۇرۇك ناھىيىسىنىڭ ئاداق
يېزىسى.
كۆزىتىش ۋاقتى: 2008 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ
كۈنى چۈشتىن كېيىن.
كۆزىتىش جەريانى:
چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت يېرىملار ئەتراپىدا
كۈننىڭ تۇتۇلۇشىنى كۆرۈشكە تەييارلىنىپ تۇرغان
كىشىلەر «كۈن تۇتۇلۇشقا باشلىدى، قاراڭلار، كۈن
تۇتۇلۇشقا باشلىدى» دەپ ۋارقىراشتى. ئەينەك پار-
چىسىنى ئىسلاپ قارايتىپ تەييارلىۋالغان «كۆزەي-

نەك» بىلەن قۇياشقا قارىدىم. قۇياشنىڭ ئوڭ تەرەپ سەل تۆۋەن قىسمى قارىيىپ قالغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قارايغان قىسمى كەمتۈكلىشىپ، قۇياش بارا - بارا خۇددى بىر چىشلىۋېلىنغان دۈگىلەك پېرەنىككە ئوخشاپ قالدى. قۇياشنىڭ كەمتۈك يېرى تېخىمۇ كېڭىيىۋاتاتتى. ئەتراپ نامازشام ۋاقتىغا ئوخشاش قارىيىشقا باشلىدى. قۇياشنىڭ نۇرى ئاجىزلاپ بېرىۋاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا قۇياشنىڭ يورۇق قىسمى كىچىكلەپ، بىر تىلىم قوغۇنغا ئوخشاپ قالدى. قۇياشنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ «ئورغاق ئايغا ئولتۇردۇم، ئاي بولدى كىچىك كېمەم...» دېگەن شېئىردىكى ھىلال ئاينىڭ كۆرۈنۈشى يادىمغا كەلدى.

كۆزەتكەنلىرىنى ئوخشىتىش ئارقىلىق ئىپادىلىسە ئوبرازلىق بولىدىكەن.

ئەتراپ تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. قۇياش يۈزىدىكى قارا سايە بارغانسېرى كېڭىيىپ، قۇياش بىردەمدىلا ئىنچىكە سېرىق ياي سىزىقتا ئايلىنىپ قالدى. يەنە



بىر دەمدە ئوتلۇق چەمبىرەك ھاسىل بولدى. كىشىلەر
«كۈن تولۇق تۇتۇلدى، تولۇق تۇتۇلدى» دەپ چۇرقى-
رىشىپ كەتتى. كۆزنى چاقنىتىدىغان نۇر يوقىلىپ،
قۇياش قارا رەڭلىك بولۇپ قالدى. ئەتراپ كېچە
قاراڭغۇسى تۇسىگە كىردى. ھايال ئۆتمەي قۇياشنىڭ
ئوڭ تەرەپ قىسمىدا ئىنچىكە سېرىق ياي سىزىق
پەيدا بولۇپ، ئاستا - ئاستا كېڭىيىشكە باشلىدى.
يورۇقلۇق بارا - بارا سول تەرەپكە يۆتكىلىپ سۇرۇ-




لۇپ، قۇياش ئاخىر ئۆز ئەسلىگە كەلدى. كىشىلەر
ھاياجان ئىلكىدە بىر - بىرىگە سۆزلەشكە باشلىدى،
بەزىلەر يېنىدىكىلەرگە قولىدىكى سىپىرلىق فوتو-
ئاپپاراتنى كۆرسىتىپ «نېمىدېگەن ئاجايىپ كۆرۈ-
نۈش - ھە!» دېسە، بەزىلەر «بۇنداق مەنزىرىنى كۆ-
رۈش پۇرسىتىگە ئېرىشىش بەك تەس جۇمۇ!» دېيىـ-
شىپ، بىر - بىرلەپ تارقىلىشقا باشلىدى.

**كۆزىتىش تەسىراتىم ۋە ھاسىلاتىم:**

بۇ مېنىڭ كۈننىڭ تۇتۇلۇشىنى تۇنجى كۆرۈشۈم.
كېيىن گېزىتلەردىن بۇ قېتىمقى كۈن تۇتۇلۇش ئې-
لىمىز تەۋەسىدە كۆرۈلگەن 21 ـ ئەسىردىكى تۇنجى
كۈن تۇتۇلۇش ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئارا-
تۇرۇك ناھىيىسى ۋە ئالتاي ۋىلايىتى، گەنسۇ ئۆلكى-
سىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدىكى كىشىلەرلا كۈننىڭ
تولۇق تۇتۇلۇشىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقىنى
بىلدىم. تەتىلدە دادام بىلەن بىللە قۇمۇلدىكى تا-
غاملارنىڭ ئۆيىگە بېرىش باھانىسىدا كۈننىڭ تولۇق
تۇتۇلۇشىنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمدىن
بەكمۇ خۇشال بولدۇم.








قۇمۇلدىن ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
قەلبىمدىكى ئاشۇ ھاياجاننىڭ تۈرتكىسىدە، كۈننىڭ
تۇتۇلۇشىغا ئائىت خېلى كۆپ ماتېرىياللارنى توپلى-
دىم. كۈننىڭ تۇتۇلۇشى ئاجايىپ ئاسترونومىيىلىك
ھادىسە بولۇپ، قۇياش، يەر شارى ۋە ئاي ئايلىنىپ

بىر تۈز سىزىق تەكشىلىكىگە كەلگەندە، ئاي شارى قۇياشنىڭ يۈزىنى توسۇۋالغاچقا، قۇياشنىڭ نۇرى يەر شارىغا يېتىپ كېلەلمەي، كۈن تۇتۇلۇش ھادىسىسى يۈز بېرىدىكەن. قىزىقارلىقلىقى كۈن تۇتۇلغاندا، قۇشلار نىشاندىن ئادىشىپ قالىدىغان، شەپەرەڭ كەچ كىردى دەپ ئويلاپ، ھەرىكەتلىنىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن. يەنە تېخى يەر شارىنىڭ ماگنىت مەيدانى تەسىرگە ئۇچرىغاچقا، ئېلېكتر دولقۇنىنىڭ تارقىلىشى نورمالسىزلىشىپ، تېلېفون ئالاقىسى، رادىئو ئاڭلىتىشى قاتارلىق ئىشلاردا كاشىلا كۆرۈلىدىكەن.

ئوقۇغۇچىلار قىزىقسىنىش، ھەۋەس ھەم ھەيرانلىق نەزىرىدە ئەلقەمگە قارىدى ۋە ئەلقەمدىن بەس ـ بەستە سوئال سوراشتى. ئەلقەم ھاياجان ئىلكىدە سوئاللارغا بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى. بالىلارنىڭ قىزغىن كەيپىياتىغا قاراپ، كەلگۈسىدىكى ئالىم، تەتقىقاتچىلارنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدۇم.





## مەنىسىنى بىلىۋالاي

لۇغەتتىن پايدىلىنىپ تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مە-
نىسىنى بىلىۋېلىڭ.

ئاسترونومىيە: ______________________________

____________________________________________

ماگنىت مەيدانى: ____________________________

____________________________________________

ئېلېكتر دولقۇنى: ____________________________

____________________________________________





## تۇتاشتۇرالايمەن

مەنىسى يېقىن سۆزلەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇڭ

| | |
|---|---|
| مۇيەسسەر بولۇش | چاتاق چىقماق |
| كاشىلا كۆرۈلمەك | قىزىقىش |
| ھەۋەس | قاراش |
| نەزەر سېلىش | ئىگە بولۇش |
| سىيماسى | تۇرقى |


## جۈملە تۈزۈپ باقاي


كەمتۈك: ________________________

________________________________

تۈرتكىسىدە: ______________________

________________________________




## ماتېرىيال خالتىسى

### بىر يۇلتۇزغا «ئاراتۇرۇك» دەپ نام بېرىلدى

2008 - يىل 1 - ئاۋغۇست ئاراتۇرۇك ناھىيە-
سىنىڭ ئاداق يېزىسى كۈننىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىنى
كۆزىتىش ئورنى قىلىپ بېكىتىلگەندىن كېيىن،

ئاراتۇرۇك ناھىيىسى بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆ-لۈپ، يېتەرلىك مەبلەغ ئاجرىتىپ، ئاسمان جى-سىملىرىنى كۆزىتىش سۇپىسى قۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئاسترونومىيە ئا-لىملىرى ۋە ھەۋەسكارلار ئۈچۈن ياخشى تەتقىقات مۇھىتى يارىتىپ بېرىپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتى-دىكى ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئارىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. يېقىندا ئامېرىكا ئالەم بوش-لۇقىنى كۆزىتىش رەسەتخانىسى ئادەتتە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر كىچىك يۇلتۇزنى باي-قاپ، بۇ يۇلتۇزنى «80801» رەت نومۇرى بويىچە تىزىمغا ئالغان. بۇ يۇلتۇزنىڭ رەت نومۇرى 2008 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاداق يېزىسىدا ئۆت-كۈزۈلگەن كۈننىڭ تولۇق تۇتۇلۇشىنى كۆزىتىش ۋاقتىغا يېقىن بولغاچقا، خەلقئارا ئاسترونومىيە بىرلەشمىسى بۇ يۇلتۇزنى «ئاراتۇرۇك» دېگەن نام بىلەن ئاتاشنى بىردەك ماقۇللىغان.

بۇ «شىنجاڭ يۇلتۇزى»، «ئۈرۈمچى يۇلتۇزى»، «جۇ شىنمىڭ يۇلتۇزى» دىن كېيىنكى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەر - جاي ناملىرى بىلەن ئاتالغان 4 - يۇلتۇز بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

ئالدىنقى تېكىستتىن كۈننىڭ تۇتۇلۇش سىرىنى بىلىۋالدۇق ھەم كۆزىتىش خاتىرىسى يېزىشنى ئۆگىنىۋالدۇق. تۆۋەندىكى تېكىستنى ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ نېمىنى كۆزىتىپ، قانداق بايقاشقا ئېرىشكەنلىكىنى ئىگىلىۋالايلى ھەم كۆزىتىش ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلەش شەكلىدىكى ئالاھىدىلىككە دىققەت قىلايلى.

# 14* سازاڭنىڭ سىرى

باشقىلاردىن سازاڭنىڭ يەر ئاستىدا ئۆمىلەپ يۇرۇپ، قاتتىق توپا ـ لايلارنى بوشىتىپ، گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى ئۆسۈشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم.

مېنىڭ سازاڭنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىشىم تاسادىپىي بولدى. بىر كۈنى، مەن بىر سازاڭ تۇتۇۋالدىم. ئۇنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ ئوينىغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىدىن تۇتۇپ چىڭراق مىجىۋىدىم، تېنى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. ئۇنى ئۆلدىمىكىن دېسەم، ئويلىمىغان يەردىن، بۇ ئىككى پارچە تەن مىدىرلاشقا باشلىدى. ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن تەندىمۇ ھاياتلىق

بارلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇلار مۇشۇ خىل ھالەتتە قانچىلىك ۋاقىت ياشىيالايدىغاندۇ؟ بۇنىڭغا قىزىقىپ، ئۇلارنى بىر مەزگىل كۆزىتىپ بېقىش ئۈچۈن ئەينەك ئىستاكانغا سېلىپ بېقىشقا باشلىدىم. كۈنلەر ئۆتتى، ھەپتىمۇ ئۆتتى، ئاخىر مۆجىزىلىك ئىش يۈز بەردى. ئىستاكاندىكى سازاڭ پارچىلىرى ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن ئىككى سازاڭغا ئايلاندى.

مەن مۇشۇ جەرياندا يەنە سازاڭنىڭ كۆزى يوقلۇقىنى بايقىدىم. ئۇ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى قانداق بىلىدىغاندۇ؟ بۇنى بىلىش ئۈچۈن، سازاڭنى ئويۇزچۇقلاردىن ياسالغان «قەلئە» ئىچىگە قويدۇم. «قەلئە» نىڭ تۇسۇق «تام» لىرى سازاڭغا نىسبەتەن ئېگىز سېپىل ھېسابلىناتتى. «قەلئە»نىڭ بىرلا ئىشىكى بولۇپ، سازاڭنىڭ بۇ يەردىن چىقالايدىغان ـ چىقالمايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدۇم. سازاڭ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆمىلەپ بىرقانچە قېتىم «تام» غا ئۇسۇۋالغاندىن كېيىن، ئاخىر چىقىدىغان ئىشىكنى تاپتى ـ دە،

كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆزلەر تىلغا قىزىقارلىق تۈس بېرىدىكەن ھەم تىلنى ئوبرازلىق قىلىدىكەن.

«قەلئە» دىن غەلىبىلىك چىقىپ كەتتى.

يەنە شۇنى بىلدىمكى، سازاڭ تۈرلۈك نۇرغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان ئىنكاستا بولىدىكەن. ئۇ ئىللىق ھەم سۇس سېرىق نۇرغا ئامراق ئىكەن، شۇنداق نۇرغا ئۇچرىسا راھەتلەنگەندەك بەدىنىنى ئۇزۇن سوزۇپ مىدىرلاپ قويىدىكەن. كۈچلۈك، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قىزىل نۇرغا ئۇچرىسا، خۇددى قورقۇپ كەتكەن ئادەمدەك تېزلا تۈگۈلۈۋالىدىكەن.

سازاڭنىڭ قۇلىقى يوق تۇرۇپ، ئاۋازنى قانداق ئاڭلايدىغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقىپ، سازاڭنى يەرگە قويۇپ، قولۇم بىلەن قاتتىق چاۋاك چالدىم. ئەمما، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. ئاندىن يەرنى كۈچەپ بىر تېپىۋىدىم، ئۇ بەدىنىنى مىدىرلىتىپ، دەرھال باشقا تەرەپكە ئۆمىلىدى. قايتا ـ قايتا مۇشۇنداق سىناش ئارقىلىق ھېس قىلدىمكى، گەرچە سازاڭنىڭ قۇلىقى بولمىسىمۇ، لېكىن بەدىنىنىڭ سېزىمچانلىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن.

# 15 ئالما ئىچىدىكى يۇلتۇز*

بىر كۈنى ئوغلۇمنى ئالغىلى يەسلىگە باردىم. ئوغلۇم ئىشىكتىن چىقىپ، ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەل-گەنچە قولۇمنى تۇتۇپ:

— دادا، دادا، ئالما ئىچىدە نېمە بار؟ — دەپ سو-رىدى.

— ئۇرۇقى بار، — دېدىم ئويلانمايلا.

— يەنچۇ؟

— ئۇرۇقتىن باشقا نەرسە يوقتۇ، — دېدىم ئوغ-لۇمنىڭ سۆزىگە سەل ئەجەبلىنىپ.

— ئۆيدە ئالما بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوغلۇم.

— بىلمەيمەن، — دېدىم بار-يوقلۇقىنى جەزم-لەشتۈرەلمەي.

— يولدىن ئالما ئېلىۋالايلى، بولامدۇ؟ ساڭا بىر نەرسىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، — دېدى ئوغلۇم مەغرۇر ھالدا.

---

* بۇ ئەسەر ئامېرىكا يازغۇچىسى د. نى. پاككىنسىنىڭ شۇ ناملىق ئەسىرى-دىن ئۆزگەرتىپ ئېلىندى.

يولدىن ئالما ئېلىپ ئۆيگە كەلدۇق. ئوغلۇم ئۆيگە كىرىپلا، ئاشخانا ئۆيدىن ئۆزى تۇتۇشقا تېگىشلىك بولمىغان پىچاقنى ئېلىپ چىقىپ، ئالمىدىن بىرنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۇستەلگە قويۇپ:

ــ ساڭا كۆرسىتىپ قوياي ـ ھە! ــ دېگىنىچە ئالمىنى كېسىشكە تەييارلاندى.

قولىنى كېسىۋېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ ھەرد- كىتىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇراتتىم. ئۇ ئالمىنى تۇمشۇقىدىن كەسمەي، دەل قورساق تەرىپىدىن كەس- تى. ئۇنىڭ ئالمىنى كېسىشتىكى بۇ خىل خاتا ئۇ- سۇلىغا كۈلۈپ كەتتىم. «بۇنداق كەسمەيدۇ» دەپ بول- غىچە ئالمىنى كېسىپ ئىككى پارچە قىلىپ بولدى ۋە بىر پارچىسىنى ماڭا تەڭلەپ:






— ئەمدى ئوبدان قارىغىنە، نېمە بار ئىكەن؟ — دېدى.

توۋا، ئالما توغرىسىغا كېسىلسە، ئۇرۇقى ئەتراپى خوددى بەش بۇرجەكلىك يۇلتۇزغىلا ئوخشايدىكەن ئەمەسمۇ! مۇشۇ كەمگىچە نۇرغۇن ئالمىلارنى يېگەندىمەن. ئەمما، ئۇلارنى ئادەتلىنىپ قالغان ئۇسۇل بويىچە ئىككى پارچە قىلغان، ئىچىدە قانداقتۇر شەكىل بارلىقىغا زادىلا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن. لېكىن، بەش ياشلىق ئوغلۇم مېنى يېڭى بىر بايقاشقا ئىگە قىلدى.

كىم بىلىدۇ دەيسىز، بىرىنچى قېتىم ئالمىنىڭ «خاتا» كېسىلىشى قىزىقىشتىن ياكى بىخۇدلۇقتىن بولۇشى مۇمكىن. مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇرغىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى شەكىلنىڭ شۇقەدەر جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكى بولدى. بۇنداق كېسىش قانداق بارلىققا كەلگەن؟ يەسلىگە نەدىن كەلگەن؟ بۇ نامەلۇم ھەم ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئالما ئىچىدىكى يۇلتۇزنىڭ بايقىلىشى. ئوغلۇم بۇنى ماڭا كۆرسەتتى، مەن باشقىلارغا دەپ بەردىم.



## تولدۇرالايمەن

شۇقەدەر — ( ) ( ) ( )

نامەلۇم — ( ) ( ) ( )


## جۈملە تۈزىيەلەيمەن

بىخۇدلۇق: ______________________

______________________________

جەلپ قىلىش كۈچى: ______________________

______________________________



ئالما ئىچىدىكى يۇلتۇز شەكلىگە قاراپ ھەيران بولغان ھەم كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. تۆۋەندىكى ئەسەر كۆزىتىش ئۇسۇلى ھەققىدە بىزنى يېڭى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ. تېكىستنى ئوقۇپ، قوللىنىلغان كۆزىتىش ئۇسۇلىنى ۋە ئاپتورنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋالايلى.

## 16* قىزىل چۈمۈلە

كىچىك بىر تۆپىلىكتە قىزىل چۈمۈلىلەرنىڭ «تاغ تۇراسى» بار ئىدى. قىزىل چۈمۈلىلەر قارا چۈمۈلىنىڭ بالىلىرىنى تۇتقۇن قىلىپ ھايات كەچۈرىدىكەن.

ياز كۈنلىرى مەن دائىم «ئۇرۇش» قا ئاتلانغان قىزىل چۈمۈلىلەر قوشۇنىنى كۆرۈپ قالاتتىم.

بىر كۈنى ئۇرۇشقا ئاتلانغان قىزىل چۈمۈلە قوشۇنىنىڭ كۆل بويلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ۋاقىتتا كۈچلۈك شامال چىقىۋاتاتتى، نۇرغۇن چۈمۈلىلەر شامال تەرىپىدىن كۆلچەككە ئۇچۇرۇپ تاشلىنىپ، بېلىقلارنىڭ مەززىلىك تائامىغا ئايلاندى.

* بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى فرانسىيىلىك ھاشاراتشۇناس فابۇر.

قىزىل چۈمۈلە قوشۇنى قارا چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىـ
سىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئولجىلىرىنى ئېلىپ قايتـ
قاندا، كۆلدىكى بېلىقلار يەنە ئويلىمىغان تائام —
قارا چۈمۈلىلەرنىڭ بالىلىرىغىمۇ ئېرىشتى. كۆرۈـ
نۈپ تۇرىدۇكى، قىزىل چۈمۈلىلەر بىر يەرگە بېرىپ
قايتىشىدا، ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشاش باشقا يول
بىلەن قايتماستىن، ئەسلىي ماڭغان يولى بويىچە ئۆـ
يىگە قايتىدىكەن.

مەن نەۋرە قىزىم راشىغا ماڭا ياردەملىشىپ
ئۇلارنىڭ «ئىزىغا چۈشۈش» نى ئېيتتىم. نەۋرەم
چۈمۈلىلەرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى،
قىزىل چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇرۇشۇشىنىمۇ ئۆز كۆزى
بىلەن كۆرگەنىدى. راشى مەن تاپشۇرغان ۋەزىپىنى
ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

بىر كۈنى كۈتۈپخانامدا ئولتۇراتتىم. راشىنىڭ:
«بوۋا، بوۋا، تېز كېلىڭ! قىزىل چۈمۈلىلەر قارا
چۈمۈلىلەرنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالدى!» دەپ ۋارقىـ
رىغىنى ئاڭلاندى. ئۆيدە تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— ئۇلارنىڭ قايسى يول بىلەن ماڭغانلىقىنى بىـ
لىۋالدىڭىزمۇ؟

— بىلىۋالدىم، ماڭغان يولىغا بەلگە سېلىپ قويـ
دۇم.

— قانداق بەلگە؟

— ئۇلارنىڭ ماڭغان يولىنى بويلاپ، كىچىك تاشلارنى قويۇپ قويدۇم.

تېزلىكتە هويلىغا چىقتىم. راشىنىڭ دېگىنى راست ئىكەن. قىزىل چۈمۈلىلەر كىچىك ئاق تاشلارنى بويلاپ زەپەر قۇچقان قوشۇنغا ئوخشاش مەغرۇر كېتىپ باراتتى. بىر يوپۇرماقنى ئېلىپ، بىرنەچچە چۈمۈلىنى يوپۇرماق ئۈستىگە چىقىرىپ، باشقا جايغا قويۇپ بەردىم. ئۇلار ئېزىپ قالغان ئا-دەمدەك ئۇياق - بۇياققا پىتىراشقا باشلىدى. باشقا چۈمۈلىلەر ئۆزىنىڭ كەلگەن يولى بويىچە قايتىپ كەتتى.

قىزىل چۈمۈلىلەر ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشى-مايدىكەن، ئۇلار نىشاننى پەرقلەندۈرۈشنى ئانچە بىلمەيدىكەن، ئاساسلىقى ئۆزى ماڭغان يولدىكى ئې-سىدە قالغان نەرسىلەرنى بەلگە قىلىپ ئۆيىگە قاي-تىدىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ سەپىرى قانچىلىك ئۇزۇن بولسۇن، نەچچە كېچە - كۈندۈز ماڭسۇن، ماڭغان يولىدا ئۆزگىرىش بولمىسىلا، ئۆز ئۆيىگە بىمالال قايتىپ كېلەلەيدىكەن.

# جۈپ سۆز

رامكا ئىچىگە بېرىلگەن سۆزلەر ئايرىم تۇرغاندا قانداق مەنە، قوشۇلۇپ ئىشلىتىلگەندە قانداق مەنە ئاڭ-لىتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلايلى.

| قىش | ياز |
| --- | --- |
| قىش ـ ياز | |

| تۆت | بەش |
| --- | --- |
| تۆت ـ بەش | |

| چىنە | قاچا |
| --- | --- |
| چىنە ـ قاچا | |

| تەلىم | تەربىيە |
| --- | --- |
| تەلىم ـ تەربىيە | |

**ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلۇپ ئىشلىتىلىشىدىن تۈزۈ-لۈپ تېخىمۇ كەڭ مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەر جۈپ سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. جۈپ سۆزلەر ئوتتۇرىسىغا سى-زىقچە (ـ) قويۇلىدۇ.**

مەسىلەن:

ئىتىز ـ ئېرىق      گۈل ـ گىياھ

كىيىم ـ كېچەك      قازان ـ قومۇچ

ئاستا ـ ئاستا　　　لەپ ـ لەپ
ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ　　　يەتتە ـ سەككىز
بارا ـ بارا

جۈپ سۆزلەر تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ياسىلىدۇ:

1. بىر سۆزنى ئەينەن تەكرارلاش ئارقىلىق جۈپ سۆز ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ماشا ـ ماشا　　　رەت ـ رەت
ئېگىز ـ ئېگىز　　　قات ـ قات

2. مەنە جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە يېقىن سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن جۈپ سۆز ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بەخت ـ سائادەت　　　ئىلىم ـ پەن
تىل ـ يېزىق　　　ئەدەبىيات ـ سەنئەت

3. مەنە جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان سۆزلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن جۈپ سۆز ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئەر ـ ئايال　　　كېچە ـ كۈندۈز
ھەق ـ ناھەق　　　ئېگىز ـ پەس

4. بىرى يەككە سۆز ھالىتىدىمۇ ئېنىق مەنە بىلدۈرىدىغان، بىرى مەنىسىز ياكى ئېنىق مەنە بىلدۈرمەيدىغان ئىككى سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن جۈپ سۆز ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇششاق ـ چۈششەك　　　كىيىم ـ كېچەك

تويـ ـ تۆكۈن		مال ـ ۋاران

5. ئايرىم تۇرغاندا مەنە ئاڭلاتمايدىغان، پەقەت قوشۇلۇپ ئېيتىلغاندىلا مەنە ئاڭلىتىدىغان ئىككى سۆزنىڭ ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشىدىن جۈپ سۆز تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

پال ـ پۇل		هايت ـ هۇيت

ئوپۇر ـ توپۇر		ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل

تۆۋەندىكى ئىككى قاتار سۆزلەر ئىچىدىن جۈپ سۆز بولىدىغان سۆزلەرنى قوشۇپ، جۈپ سۆز قىلىپ يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| پەم | پاراسەت |
| خۇشال | پۆش |
| ئالدىراپ | تۈگىمەس |
| پۈتمەس | سالدىراپ |
| گۆش | خۇرام |
| يالت | يۇلت |

تۆۋەندىكى جۈپ سۆزلەرنىڭ قانداق ياسالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار ھەم ھەربىرىگە ئېغىزچە جۈملە تۈزۈڭلار.

پەن ـ تېخنىكا		ئۈزۈن ـ قىسقا

ئالمان ـ تالمان		نان ـ پان

غاراس ـ غۇرۇس		قايغۇ ـ ھەسرەت

تەركىبىدە جۈپ سۆز بار بولغان جۈملە يېزىپ با-
قايلى، قېنى كىم جۈملىسىدە جۈپ سۆزلەرنى ئەڭ
كۆپ قوللىنالايدىكىن؟
مۇشۇ بۆلەكتە ئۆگەنگەن تېكىستلەر ئىچىدىكى
جۈپ سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

# مەشىق باغچىسى

## بايقىغانلىرىم



## تونۇشتۇرالايمەن

| | |
|---|---|
| 1 ـ ئاي | ماي |
| 2 ـ ئاي | ئاپرېل |
| 3 ـ ئاي | مارت |
| 4 ـ ئاي | فېۋرال |
| 5 ـ ئاي | ئىيۇن |
| 6 ـ ئاي | يانۋار |
| 7 ـ ئاي | ئۆكتەبىر |
| 8 ـ ئاي | سېنتەبىر |
| 9 ـ ئاي | نويابىر |
| 10 ـ ئاي | دېكابىر |
| 11 ـ ئاي | ئىيۇل |
| 12 ـ ئاي | ئاۋغۇست |



## تولدۇرالايمەن

بەس ـ بەستە ( )

( )

( )

نەزىرىدە ( )

( )

( )



## تىل خەزىنىسى



## كۆچۈرۈۋالاي. يادلىۋالاي

⊙ قارىمىساڭ كۆرەلمەيسەن، سورىمىساڭ تاپالـ
مايسەن.

⊙ كۆز بىرنى كۆرەر، كۆڭۈل مىڭنى (كۆرەر).

⊙ بىر ئىشىك قويۇش ئۈچۈن ئون ئىشىك كۆر.




قارىسىڭىز يىراقتىن،
تاغ ـ دەريالار تۇرىدۇ.
گەر يېقىنراق كەلسىڭىز،
سۇلار شاۋقۇن سالمايدۇ.
زىمىستان قىش كەلسىمۇ،
گۈللەر ياشناپ تۇرىدۇ.
ئادەم يېقىن كەلگەندە،
قۇشلار ئۇچۇپ كەتمەيدۇ.
تېپىپ بېقىڭ نىمە ئۇ،
ئېسىڭىزگە كەلگەندۇ؟

(　　　　)

بىر نەرسەم بار، قاتمۇ ـ قات،
بىلمىگەننى بىلدۈرەر.
ئەگەر ئۇنى دوست تۇتساڭ،
مۇرادىڭغا يەتكۈزەر.

(　　　　)

## ئاغزاكى ئالاقە

# كۆزىتىش جەريانىدا بايقىغانلىرىمىز

سىز يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە نېمىلەرنى كۆ-




زەتتىڭىز؟ قانداق يېڭى نەرسىلەرنى بايقىدىڭىز؟ كۆزىتىش جەريانىدا بايقىغانلىرىڭىزنى ساۋاقداشلى- رىڭىزغا ئېيتىپ بېرىڭ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ساۋاقداشلىرىڭىزنىڭ بايقىغانلىرىنىمۇ دىققەت بى-

لەن ئاڭلاڭ. كىمنىڭ بايقىغىنىغا قىزىققان بولسى-
ڭىز، شۇ ساۋاقدىشىڭىز بىلەن پىكىرلىشىپ باقسى-
ڭىز بولىدۇ.

ئۆزىڭىز كۆزەتكەن شەيئىلەر توغرۇلۇق كۆندىلىك



## يېزىقچىلىق مەشقى

خاتىرە يېزىپ باقتىڭىزمۇ؟ يازغان بولسىڭىز، ئالدى
بىلەن ئۆزئارا ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ، ساۋاقداشلارنىڭ
پىكرىنى ئاڭلاپ باقايلى، ئاندىن كۆزەتكەنلىرىمىز
ئاساسىدا بىر پارچە كۆزىتىش خاتىرىسى يازايلى.
كۆزىتىش جەريانىدا بىزنى بەكرەك قىزىقتۇرغان،
ئۆزىمىز يېزىشنى خالىغان نەرسىنى يازايلى. يېزىپ
بولغاندىن كېيىن، ساۋاقداشلار ئاڭلاپ باقسۇن. قې-
نى، كىم يېڭى بايقاشلارغا ئىگە بولدىكىن؟

دۇنيادىكى نۇرغۇن ئۇلۇغ كەشپىيات ۋە بايقاشلار



## ئىنتېرنېت تورى

ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشتىن ئايرىلالمايدۇ. نيۇ-
تون ئالىمىنىڭ يەرگە چۈشۈشىنى كۆزىتىش ئارقىلىق

يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچىنى بايقىغان. ۋات سۇ قاي-ىنىغاندا چىققان ھورنىڭ كۈچىنى كۆزىتىش ئارقىلىق پار ماشىنىسىنى ئىجاد قىلغان.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بۇنداق ھېكايىلەر ناھايىتى كۆپ. بىز ئوقۇش ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق كەشپىيات ۋە بايقاشلارغا ئائىت تېخىمۇ كۆپ ھېكايىلەرنى ئىگىلەپ باقايلى.



## بەشىنچى بۆلەك

# ۋەتەن مۇھەببەتى

تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنىڭ توپىسى، گۇل ـ گىياھلىرى... ھەربىر نەرسىسىنى ئۇلۇغلاش، يۇرتىدىكى گۇزەل مەنزىرىلەردىن سۆيۈنۈش، يۇرتىنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ئۇچۇن كۇچ چىقىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ۋەتەننى سۆيۈشنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ بۆلەكتىكى ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدا ئەسەردىكى ئىدىيىۋى ھىسسىيات بىلەن ئورتاقلىشىپ، ۋەتەن مەبىستىگە بولغان چۇشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى.



# 17 يامغۇردا قالغان ئانا

شۋېتسىيىدە تۇرغان ۋاقتىمدا بىر قېتىم ستوك-ھولمدىكى ئۇپسالا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرق تىللىرى ئىنستىتۇتى تۈركولوگىيە بۆلۈمىدە ئېچىلغان بىر ئىلمىي سۆھبەتكە قاتنىشىپ قالدىم. سۆھبەتكە تۈركىيىنىڭ شۋېتسىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى، مەكتەپتىكى بىر قىسىم پروفېسسورلار ۋە تۈركو-لوگىيە بۆلۈمىدە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇۋاتقان ھەر-قايسى ئەللەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى.

سۆھبەت يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، باش ئەلچىنىڭ ياردەمچىلىرى ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن بىر كىنو فىلىمىنى قويۇپ بەردى. بۇ «مۇستاپا كا-مال» دېگەن كىنو بولۇپ، تولىمۇ تەسىرلىك ئىكەن. كىنودىكى بىر كۆرۈنۈش خېلىغىچە ئېسىمدىن چىقمىدى.

1921 ـ يىلى گرېتسىيە ـ ئەنگلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ئىستان-بۇل ۋە باشقا شەھەرلەرنى بېسىۋېلىپ، تۈركىيىنى

* بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەسەت سۇلايمان.

مۇنقەرز قىلىش خەۋپىگە دۇچار قىلىدۇ. مۇشۇنىداق شارائىتتا مۇستاپا كامال تۈركىيە ئارمىيىسىنى قايتىدىن تەشكىللەپ، تاجاۋۇزچىلار بىلەن قاتتىق كۈرەش قىلىدۇ. قىلىمدىكى بىر كۆرۈنۈشتە، شالىلداپ يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى مۇستاپا كامال مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئالدىنقى سەپنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېتىپ بارغاندا، يولدا كالا هارۋىسىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر ئايالنى ئۇچرىتىدۇ. ئايالنىڭ قۇچىقىدىكى كىچىك بالا شىددەتلىك يامغۇرنىڭ دەستىدىن قاتتىق يىغلاۋاتقان بولسىمۇ، ھېلىقى ئايال بالىسى بىلەن ئانچە كارى بولماي، ھارۋىنى ئەدىيال بىلەن يۆگەپ، قولىدىكى قامچىسى بىلەن كالىنى تېزراق مېڭىشقا ئۈندەيدۇ. بۇنى كۆرگەن مۇستاپا كامال چىداپ تۇرالماي ھېلىقى ئايالدىن سورايدۇ:

— خانىم، ھارۋىدىكى نېمە؟

— قورال - ياراغ.

— نەگە ئېلىپ ماڭدىڭىز؟

— ئالدىنقى سەپكە.

— ھارۋىنى نېمىشقا ئېرىڭىز ھەيدىمىدى؟

— ئېرىم ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن.

— بالا ھۆل بولۇپ كېتىپتۇ، ئەدىيال بىلەن با-



لىنى يۆگىۋېلىشىڭىز كېرەك ئىدى.

— شۇنداق، بالامنى يۆگىۋالسام ياخشى بولات-تى، — دەيدۇ ھېلىقى ئايال مۇستاپا كامالغا مەرداـنىلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپ، — لېكىن، ھارۋىدىكى قورال - ياراغلار ھۆل بولۇپ كەتسە، ۋەتەن مۇنقەرز بولىدۇ. بالام ئۆلۈپ كەتسە، يەنە تۇغۇۋالسام بولىدۇ، ئەمما ۋەتەننى قايتا تۇغقىلى بولمايدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇستاپا كامال ئاتتىن سەك-رەپ چۈشىدۇ - دە، ئۇستىدىكى يامغۇرلۇقنى سېلىپ ئايالنىڭ قۇچىقىدىكى بالىنى يۆگەپ قويىدۇ. ئاندىن ھېلىقى ئايالغا قاراپ:

— سىزگە ئوخشاش ئۇلۇغ ئانىلار بولىدىكەن، ۋە-تىنىمىز ھەرگىز مۇنقەرز بولمايدۇ، — دەيدۇ.



بۇ ھېكايىنى ئەدەبىي تىلدا توغرا، راۋان ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.



## مەنىسىنى بىلىۋالاي

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ تومۇرىنى ئايرىڭ ھەم لۇغەتتىن پايدىلىنىپ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭ.

مۇنقەرز    تاجاۋۇزچىلار    مەردانىلىك





## جۈملە تۈزىيەلەيمەن

بالام ئۆلۈپ كەتسە، يەنە تۇغۇۋالسام بولىدۇ.

..... كەتسە .....

---

كىچىك بالا شىددەتلىك يامغۇرنىڭ دەستىدىن قاتتىق يىغلاۋاتقان بولسىمۇ، ھېلىقى ئايال بالىسى بىلەن ئانچە كارى بولماپتۇ.


.... بولسىمۇ .....

---



## مۇزاكىرىلىشەيلى

ئانىنىڭ «بالام ئۆلۈپ كەتسە، يەنە تۇغۇۋالسام بولىدۇ، ئەمما ۋەتەننى قايتا تۇغقىلى بولمايدۇ!» دېگەن سۆزىگە قانداق قارايسىز؟



ئالدىنقى تېكىستتىن بىر مەردانە ئانىنىڭ قەلبىدە ۋە-تەننىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇق. تەڭرىتاغ — ئانا دىيارىمىزنىڭ سىمۋولى. تۆۋەن-دىكى تېكىستنى ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ مۇقەددەس تاغقا بولغان ھېسسىياتىنى قانداق ئىپادىلىگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى.

# *18. گۈزەل تەڭرىتاغ

بۈگۈن دادام بىلەن بىللە «گۈزەل تەڭرىتاغ» فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسىگە باردىم.

كۆرگەزمىخانىدا دادام تاغ مەنزىرىسى تارتىلغان بىر پارچە سۈرەتكە ئۇزاققىچە قاراپ كەتتى.

— دادا، بۇ قايسى تاغ؟

— تەڭرىتاغ دېگەن مانا مۇشۇ.

— بۇ تاغ قەيەردە؟



— يۇرتىمىز شىنجاڭدا. بۇ تاغ ناھايىتى ئېگىز بولغاچقا، تاغ چوق-قىلىرى قىش-ياز قار-مۇز بىلەن قاپلىنىپ

تۇرىدۇ. بۇ تاغدا ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجا-
يىپ ئېقىن، كۆللەر، ئورمانلار، يايلاقلار، قىممەتلىك
ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار بار. ئانا دىيارىمىزنىڭ بار-
لىق گۈزەللىكلىرىنى مانا مۇشۇ تەڭرىتاغدىن كۆر-
گىلى بولىدۇ. ئوغلۇم، بۇ سۇرەتكە قارا، — دېدى
دادام، — بۇ دىيارىمىزدىكى ئانا دەريا — تارىم دەر-
ياسى. بۇ دەريانىڭ بىر قىسىم سۇيىمۇ تەڭرىتاغدىن
ئېرىپ چۈشكەن قار-مۇزلاردىن ھاسىل بولغان.

دادامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، تەڭرىتاغقا بەكلا بارغۇم كەلدى. سۇرەتلەرنى قايتىدىن بىر-بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدىم.



ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي قاپتىمەن.

— ئۆيگە قايتايلى، — دېدى دادام.





يولدا كېتىۋېتىپ دادامغا:

ــ دادا، مەن چوڭ بولسام چوقۇم فوتوگراف بولىمەن. تەڭرىتاغدىكى ئاپئاق چوققىلارنى، چوڭقۇر جىلغىلارنى، ئويناق ئېقىنلارنى، زۇمرەتتەك كۆللەرنى، ياپيېشىل يايلاقلارنى، يايلاقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن پادا ـ پادا قوي، كالىلارنى، ئۇيۇر ـ ئۇيۇر ئاتلارنى، رەڭگارەڭ ياۋا گۇللەرنى، ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەك، ھەسەل ھەرىلىرىنى، ياپيېشىل ئورمانلارنى، قۇشلارنى، ئېيىق، بۆرىلەرنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ مەنمۇ بىر كۆرگەزمە ئۆتكۈزىمەن، ــ دېدىم.

ــ يارايسەن ئوغلۇم! ــ دېدى دادام.





# 19 مومامنىڭ بۇلۇتى

بىرى سىزدىن «ئاسماندىكى بۇلۇتلارنى تۇتۇپ بىرەر نەرسىگە قاچىلاپ قويغىلى بولامدۇ؟» دەپ سورىسا، سىز چوقۇم «ياق» دەپ جاۋاب بېرىشىڭىز مۇمكىن. ئەمما، مەن ئۇنداق دېيەلمەيمەن. مومامنىڭ بۇلۇت قاچىلانغان بوتۇلكىلارنى دېرىزە تەكچىلىرىگە چىرايلىق تىزىپ قويغانلىقىنى تالاي قېتىم كۆرگەنىدىم. خاتىرە ئۈچۈن ساقلاپ قويغان ئاشۇ بوتۇلكىلارغا پات ـ پات (گەرچە هازىر قۇرۇق بولسىمۇ) ئاجايىپ زوقلىنىش، سېغىنىش ئىچىدە قاراپ قويىمەن. هەر قېتىم قارىغىنىمدا مومام بىلەن قىلىشقان گەپلەر شۇ هامان يادىمغا كېلىدۇ.

مەن بالىلىق دەۋرىمنى مومامنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزگەنىدىم. مومامنىڭ مەهەللىسى ئاقتاش دېيىلەتتى. مەهەللىنى شەرقتىن غەربكە قاراپ ئاققان دەريا ئايلىنىپ ئۆتەتتى. مەهەللە تۆۋىنى بۆكىدە توقايلىق ئىدى. يۇقىرىسىدا ئېگىز دۆڭلەر بولۇپ، دۆڭلەر قارىغايلىق تاغلارغا تۇتىشىپ كېتەتتى. مو-

* ماخمۇت يولۋاسنىڭ شۇ ناملىق هېكايىسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

مام بىلەن دەريا بويىغا تالاي قېتىم بىللە بارغانىدىم. مومام تاغ چوققىلىرىدىكى ئەگىپ يۇرگەن بۇلۇتلارغا سۆيۈنۈش ئىچىدە قارايتتى. بىرىنچى قېتىمقى كۆ-رۈنۈش پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. چوققىلاردىكى بۇلۇتلار تاغ باغرىغا ئاستا ـ ئاستا چۈشمەكتە ئىدى. دەريا، مومام، مەن، توقايلار بۇلۇت ئىچىدە قالدۇق. نەمخۇش بۇلۇتلار يۈزلىرىمنى سىيپاپ ئۆتكەندە، مەن ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمگەنىدىم، بۇلۇتلار بىلەن بىللە تۇرۇش نەقەدەر ھۇزۇرلۇق ـ ھە! مومام تىنىمسىز شىۋىرلايتتى... مومام خۇددى سېھىرگەرلەردەك چاققانلىق بىلەن بو-تۇلكىلارغا بۇلۇتلارنى قاچىلىدى. ئاقۇچ بۇلۇتلار دەر-يا يۈزىنى سىيپاپ ئۆتۈپ، ئاستا ـ ئاستا تاغلارغا قاراپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ــ دە، بارا ـ بارا قارايدى.



«ئەمدى يامغۇر ياغىدۇ، قارا، بۇ تاغلارنىڭ گۈزەل، با-
ياشاتلىقىغا، ھەممىسى يامغۇرنىڭ خاسىيىتى، بالام»
دېدى مومام دەريا بويىدىن قايتىۋېتىپ. ئۆيگە بېرى-
شىمىزغا راستتىنلا يامغۇر تاراسلاپ چۈشۈشكە باش-
لىدى. سۆيۈملۈك مومام تاغ - دەريا، تۇپراقنى بەك
ئۇلۇغلايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۆزىمۇ ماڭا نا-
ھايىتى ئۇلۇغ
بىلىنەتتى.

نېمە ئۈچۈن «مەن»نىڭ مومىسى
تاغ - دەريا، تۇپراقنى ئۇلۇغلاش بە-
لەن بىللە، ئۆزىمۇ ئۇلۇغ كۆرۈنىدۇ؟

قىزىمغا دائىم
مومام توغرۇلۇق
ھېكايىلەرنى
سۆزلەپ بېرەتتىم. ئۇنىڭغا، تەتىل كۈنلىرىدە سىز-
نى ئاقتاشقا ئاپىرىپ مومام بولۇت تۇتىدىغان دەريا
ساھىلىنى ساياھەت قىلدۇرىمەن، دەپ ۋەدە بېرىپ
قويغانىدىم. بۇ ئامەت قىزىمغا ئاخىر نېسىپ بولدى.

— دادا، — دېدى ئۇ چۈچۈك تىلى بىلەن، —
سېنى موماڭ مۇشۇ دەريا بويىدا ئوينىتامتى؟

— شۇنداق، مومام مېنى دەريا بويىغا ئەكېلىشكە
ئامراق ئىدى. ماڭا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلدۈرۈشكە
تىرىشاتتى. بۇ ئەتراپتىكى تاغۇ تاش، دەريا - بۇلاق،
دەل - دەرەخ، ئويمان - دۆڭلەرنىڭ ئىسىملىرىنى
بىرمۇبىر دەپ بېرەتتى.

— موماڭ، بۇلۇتلارنى بوتۇلكىلارغا قاچىلاپ نېمىشقا دېرىزە تەكچىسىگە تىزىپ قوياتتى؟
— مەنمۇ بۇنى ئېنىق بىلەلمىدىم.
— مەن بىلىمەن.
— سىز قانداق بىلىسىز؟
— ماڭا تاغ - دەريالار دەپ بەردى.
— نېمە دېدى؟
— ئۇلۇغ مومىڭىز ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تاغ - دەريالارنى، تۇپراقنى، ئاسماننى، بۇلۇتلارنى جېنىدىن ئەزىز كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، شۇنداق قىلاتتى دەيدۇ.
— رەھمەت، قىزىمغا ئەقىل بەرگەن تاغ - دەريالارغا ...



ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا گويا مومامنىڭ سۆزلىرىنى ناخشا قىلىپ ئېيتماقتا:
«بۇلۇت يامغۇر تۆكىدۇ، يامغۇر زېمىنىنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىغا سىڭىپ كىرىدۇ. شۇڭا زېمىن ئۈچۈن بۇلۇتقا رەھمەت ئېيتىمىز، چۈنكى، بۇ زېمىن بىزنىڭ ئانىمىز!»

ھېكايىنى ئەدەبىي تەلەپپۇزدا ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭ.





## باشقا سۆز قويالايمەن

دەريا ساھىلى

(　　　)

تىنىمسىز شىۋىرلايتتى

(　　　　　)

نەقەدەر ھۇزۇرلۇق

(　　　)



## جۈملە تۈزىيەلەيمەن

تالاي: ______________________________

نېسىپ بولماق: ______________________________

______________________________________________

ئانا تۇپراقتىكى ھەربىر نەرسە كىشىلەر قەلبىدە يۇر- تىغا كۈچلۈك مۇھەببەت قوزغايدۇ. يۇقىرىقى تېكىستتىن يۇرت ئاسمىنىدىكى بۇلۇتقا سىڭدۈرۈلگەن يۇرت سۆيگۈ- سىنى ھېس قىلدۇق. ئەمدى تۆۋەندىكى قوشاقنى ئوقۇپ، ئانا يۇرتىدىن ئايرىلغان خەلقنىڭ قەلب ئىزھارىدىن يۇرت مۇھەببىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋالايلى ھەم قوشاق- نى يادلىۋالايلى. قىزىقساق يۇرت ھەققىدە يېزىلغان شې- ئىر - قوشاقلارنى تېپىپ ئوقۇپ باقساقمۇ بولىدۇ.

# 20* كۆچكۆچ قوشىقى



كۆچكۆچ دېسە بىلمەيدۇ،
كۆچۈپ كۆرمىگەن ئەللەر.
ئۆز يۇرتىغا يېتەمدۇ،
بېرىپ كۆرمىگەن يەرلەر.

ئالمۇتۇغا كۆچ دەيدۇ،
بارار يېرىمىز قۇملۇق.
راست گېپىنى ئېيتمايدۇ،
كۆزى كۆك، بېشى يوغلۇق.

كەتمەيمىز دېگەن بىلەن،
بۇ ئىشقا نېمە چارە.
غۇلجىنى بېسىپ ئالدى،
دىلىمىز سۇنۇق پارە.

قاراخان بىلەن ئاق خان،
ئىتتىپاق ئىكەن باشتا.
كۆچۈشنى خىيال ئەيلەپ،
كېمە ياسىدۇق قاشتا.

ئىلىدىن چىققان كۈنى،
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتلاردىن،
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق.

مىڭ جاپا بىلەن سالغان،
قالدى باغۇ ـ بوستانلار.
يۇرتىمىزدىن ئايرىلىپ،
دىلدا قالدى ئارمانلار.

## بىرىككەن سۆز

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما شەكلى ۋە مەنىسى ھەققىدە مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى.

كۆزەينەك قولىيازما

ئاقسۇ تاشيول

ئىككى سۆزنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلۈپ، بىرلا مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىرىككەن سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىككەن سۆزلەر قوشۇپ يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

قارىياغاچ يەلتاپان

تاشپاقا ئۇچتۇرپان

قولقاپ ساپماكەش

تۆۋەندىكى بىرىككەن سۆزلەرنىڭ قايسى سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئايرىڭلار.

تۆگىقۇش ____________

بەلۋاغ ____________

قارلەيلىسى ____________

باشپاناھ ____________

ئاشكۆكى ____________

تۆمۈريول ____________

ئايپالتا ____________

گۈلدەستە ____________

تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، بېرىلگەن سۆز-لەرنىڭ ئاستىغا سىزىڭ.

1. مەن خەلقئارا خەۋەرلەرگە قىزىقىمەن.
2. دېھقانلار يىغىپ بولدى.
3. بېغىمىزدىكى تاشئالمىلار پىشتى.
4. بىز چۆپلۈكتىن تۆتقۇلاق تەردۇق.
5. مەن قولياغلىقىمنى تېپىۋالدىم.

ئوقۇغان ئوقۇشلۇقلاردا ئۇچراتقان بىرىككەن سۆزلەردىن بىرنەچچىنى يېزىپ بېقىڭ.

____________ ____________

____________ ____________

____________ ____________

# مەشىق باغچىسى



## تولدۇرالايمەن

شىددەتلىك ( ) ( ) ساھىلى
( ) ( )
( ) ( )

خاسىيەتلىك ( ) ( ) مەنزىرىسى
( ) ( )
( ) ( )





## سىلىشتۇرۇپ ئوقۇي

☆ مومام بوتۇلكىلارغا بۇلۇتلارنى قاچىلىدى.

مومام خۇددى سېھىرگەرلەردەك چاققانلىق بىلەن بوتۇلكىلارغا بۇلۇتلارنى قاچىلىدى.

☆ ئايالنىڭ قۇچىقىدىكى كىچىك بالا شىددەتلىك يامغۇرنىڭ دەستىدىن قاتتىق يىغلاۋاتاتتى.

ئايالنىڭ قۇچىقىدىكى كىچىك بالا قاتتىق يىغلاۋاتاتتى.

☆ تەڭرىتاغدىكى چوققىلارنى، جىلغىلارنى، ئېق-
قىنلارنى، كۆللەرنى، يايلاقلارنى، يايلاقلاردا ئوتلاپ
يۈرگەن قوي، كالىلارنى، ئاتلارنى، ياۋا گۈللەرنى،
كېپىنەكلەرنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ مەنمۇ بىر كۆر-
گەزمە ئۆتكۈزىمەن.

تەڭرىتاغدىكى ئاپئاق چوققىلارنى، چوڭقۇر جىل-
غىلارنى، ئويناق ئېقىنلارنى، زۇمرەتتەك كۆللەر-
نى، ياپېپىشىل يايلاقلارنى، يايلاقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن
پادا - پادا قوي، كالىلارنى، ئۈيۈر - ئۈيۈر ئاتلارنى،
رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەرنى، ئۇچۇپ يۈرگەن كېپىنەك-
لەرنى سۈرەتكە تارتىۋېلىپ مەنمۇ بىر كۆرگەزمە
ئۆتكۈزىمەن.

تەسۋىرىي سۆزلەر ئىشلىتىلسە، تىلنىڭ جەلپ
قىلىش كۈچى تېخىمۇ ئاشىدىكەن.



## ئوقۇپ باقاي

هايال ئۆتمەي قۇياشنىڭ ئوڭ تەرەپ قىسمىدا
ئىنچىكە سېرىق ياي سىزىق پەيدا بولۇپ، ئاستا -
ئاستا كېڭىيىشكە باشلىدى.
يورۇقلۇق بارا - بارا سول تەرەپكە يۆتكىلىپ سۇ-

رولوپ، قوياش ئاخىر ئۆز ئەكسىگە كەلدى.

قايتا ـ قايتا مۇشۇنداق سىناش ئارقىلىق ھېس قىلدىم.

جۈپ سۆزلەر تىلنى ئوبرازلىق قىلىش بىلەن بىللە، پىكىرنىڭ ئېنىقلىقىنىمۇ ئاشۇرىدىكەن.



## تىل خەزىنىسى



### كۆچۈرۈۋالاي. يادلىۋالاي

ئەل قايان، سەن شۇيان.

ئەل ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار،
ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار.

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگىرويىڭ سامان بولماس.

ئەلنىڭ غېمى، ئەرنىڭ غېمى

### يادلىۋالاي

ۋەتەن دەپ سوقىدۇ يۈرىكىم مېنىڭ،
ۋەتەن ئاۋاتلىقى تىلىكىم مېنىڭ.
دەرد كەلسە، دەردىگە داۋا بولمىسام،
نە بولسۇن ۋەتەنگە كېرىكىم مېنىڭ.
— جېلىلى

ئەل نېمىگە سۆيۈنسە، زوقلانساڭ شۇڭا،
ئەل نېمىدىن يىرگەنسە، ھومايساڭ ئاڭا.
ئالقىش تۇرماق، راھەتتۇر ھەتتا ھاقارەت،
بۇندىن ئارتۇق ئىپتىخار نە ھاجەت ساڭا.
— تېيىپجان ئېلىيېف

## ئاغزاكى ئالاقە

بۇ بۆلەكتىكى تېكىستلەرنى ئۆگىنىش جەريانىدا قەلبىڭىزدىكى ۋەتەن مۇھەببىتى تېخىمۇ كۈچەيگەن بولۇشى ھەم ۋەتەن مۇھەببىتىنى قانداق نۇقتىلار بويىچە قانداق شەكىللەردە ئىپادىلەشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە بەلگىلىك تونۇشقا ئىگە بولغان بولۇشى-

ڭىز مۇمكىن. بۇ قېتىمقى ئاغزاكى ئالاقىدە يەنە نېمىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، يۇرت مۇھەببىتىنى يەنە قانداق نۇقتىلار بويىچە ئىپادىلەشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىپ بېقىڭلار. ئاۋۋال كىچىك گۇرۇپپا ئىچىدە پىكىر ئالماشتۇرۇڭلار، بىر ئوقۇغۇچى سۆزلىگەندە، باشقىلار ئەستايىدىل ئاڭلاپ تولۇقلىسا ياكى سوئال سورىسا بولىدۇ. ئاخىرىدا، گۇرۇپپا ۋەكىلى سىنىپ بويىچە سۆزلىسە بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، قايسى ساۋاقداشنىڭ بۇ قېتىمقى ئاغزاكى ئالاقە مەشقى جەريانىدا ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقىنى باھالاپ چىقىڭلار.





## يېزىقچىلىق مەشقى

ئاغزاكى ئالاقە پائالىيىتىدە نېمىلەرنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، يۇرت مۇھەببىتىنى يەنە قانداق نۇقتىلار بويىچە ئىپادىلەشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا يېڭىچە ئىلھاملارغا ئىگە بولغانسىز. بۇ قېتىمقى يېزىقچىلىق مەشقىدە مۇشۇ ئاساستا قەلبىمىزدىكى يۇرت مۇھەببىتىنى ئەركىن ئىپادىلەپ باقايلى. يۇرتىمىزدىكى مەلۇم بىر جاي

ياكى نەرسىنى تەسۋىرلەپ يازساقمۇ، يۇرتىمىزنىڭ تارىخىغا ئائىت بىرەر ۋەقەنى بايان قىلساقمۇ، بىرەر مۇھىم شەخسنى تونۇشتۇرساقمۇ، بىرەر ئەنئەنىمىز ھەققىدىكى تەسىراتلىرىمىزنى يازساقمۇ ياكى ۋەتەننى قوغداش يولىدا قۇربان بولغان قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلساقمۇ ۋە ياكى ئۆز ھېسسىياتى-مىزنى بىۋاسىتە ھالدا ئۇدۇل ئوتتۇرىغا قويساقمۇ بولىدۇ. يازغاندا، باشقا ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئەسەر-لىرىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆگىنىشكە، توپلىغان تىل ماتېرىياللىرىمىزدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرەيلى. ئاخىرىدا ئۆز ئارا پىكىرلىشىپ تۈزىتىشكە تېگىشلىك ئورۇنلىرىنى تۈزىتەيلى.

## ئىنتېرنېت تورى

ۋەتىنىمىزدە نۇرغۇن مەنزىرىلىك جايلار بار. مە-سىلەن، ھەيۋەتلىك چاڭجياڭ دەرياسىدىكى سەنشيا بوغۇزى، گۇيلىننىڭ گۈزەل تاغ ـ دەريالىرى، دۇڭ-خۇاڭدىكى ئاجايىپ تاشكېمىرلەر، تۇرپاندىكى مىڭ-ئۆيلەر، كۇچادىكى قىزىل يار جىلغىسى...

ۋەتىنىمىزنىڭ بايلىق ۋە مەھسۇلاتلىرى مول.

مەسىلەن، تارىمنىڭ نېفىتى، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭ-
لۇق قويى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى،
قۇمۇلنىڭ قوغۇنى، كۇچانىڭ ئۆرۈكى، قەشقەرنىڭ
ئانىرى، خوتەننىڭ ياڭىقى، ئاقسۇنىڭ ئالمىسى، ئا-
تۇشنىڭ ئەنجۈرى؛ جېجياڭنىڭ لۇڭجىڭ چېيى؛
ئىچكى موڭغۇلنىڭ سەنخې ئېتى، شەنشىنىڭ كۆمۈر
كېنى، لياۋنىڭنىڭ تۆمۈر كېنى قاتارلىقلار...

ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەللىكى ۋە بايلىقى ئەكس ئەت-
تۇرۇلگەن ماتېرىياللارنى تېخىمۇ كۆپ توپلاپ، ۋەت-
ىنىمىزنىڭ باي ۋە گۈزەللىككە بولغان تەسىراتىمىز-
نى چوڭقۇرلاشتۇرايلى.

## 1 تىيىننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ھاۋا تۇتۇق.

دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ بولاي دېدى. شامال گۇرۇلدەپ توختىماي چىقتى، ئوت ـ چۆپ-لەرمۇ سارغىيىپ كەتتى. كىرپە ئۈچەككە كىرىپ قىشنى ئۇخلاپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن قۇرۇق ئوت، يوپۇرماقلارنى يىغىپ ئۇۋىسىنى تۈزەشتۈردى.

مەنچۇ، مەن بۈگۈن ئون نەچچە تال موگۇ يىغىپ، قۇرۇسۇن دەپ دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىپ قويدۇم. بۇ، قىشنى ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر تەييارلىقى ـ دە.

ئەتە يەنە ئاز ـ تولا ئوزۇق يىغمىسام بولمايدۇ. قىشتا ئوزۇق تاپماق نەقەدەر تەس ـ ھە!

12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، شىۋىرغانلىق.

ياھ، ئەجەب تاتلىق ئۇخلاپتىمەن، تۈنۈگۈن بىر توپ قار دەرەخ ئۈچىدىن سىيرىلىپ مېنىڭ ئۆگ-زەمگىلا چۈشتى. مەن قار ئارىسىدىن ئۆمىلەپ چى-قىپ قارلارنى تازىلىدىم.

ھاۋا تۇتۇق، ئەتراپ قويۇق تۇمان، كۈچلۈك شامال

يېغىۋاتقان قارنى ئۇچۇرۇپ ئوينىماقتا. پاھ، شىد-ۋىرغان بىزنىڭ ئورمانغا توختىماي ھۇجۇم قىلماق-تا.

مېنىڭ ئازراق بىرنەرسە يېگۈم كەلدى، كۆزدە خېلى جىق يېمەكلىك يىغقانىدىم. بىراق، نەلەرگە تىقىپ قويغىنىمنى ئېسىمگە ئالالمىدىم. مەن يېقىن ئەتراپتىكى بىر دەرەختە چىقىپ، كۆزدە يېيىپ قويۇ-غان موگۈلىرىمنى تاپتىم. قۇرۇپ كەتكەن بۇ مو-گۈلار يېگىنىسىدەك يېيىشلىك ـ تە.

مەن پەسكە ئېگىشىپ قارىسام بورسۇقنىڭ كامى-رىنىڭ ئالدىدا «مەن قىشلىق ئوزۇقۇمنى تەييارلاپ بولدۇم. قىشچە ئۇخلىماقچىمەن. مېنى ئاۋارە قىل-مىغايسىز!» دەپ يېزىلغان تاختا بار ئىكەن.

مەن سىنچىلاپ قارىسام، كامارنىڭ ئېغىزى ئوت ـ چۆپ بىلەن ئېتىۋېتىلگەنىكەن. ھە، ئەسلىدە ئى-چىدە بورسۇق ئۇخلاۋاتقانىكەن ئەمەسمۇ.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ھاۋا ئوچۇق.

كېچىنىڭ ھاۋاسى يەنىلا سوغۇق. كۈندۈزى كۈن چىقسا ھاۋا ئىللىپ قالىدۇ. دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدىكى قار ـ مۇزلار ئېرىپ ئېقىپ ئورماننىڭ ئىچىنى «چىك ـ چىك، چاك ـ چاك» قىلغان ئاۋاز بىر ئالدى.

كۆنگەي يەرلەردىكى چىملار كۆكىرىشكە باشلى-



دى. مەن دەرەخ ئۈچىدىن يىغىپ قويغان قارىغاي
ئۇرۇقىنى ئىزدەپ تاپتىم. بىرنەچچە تال چۇچۇمەل
ئۇرۇقىنى يەپ شۇنداق راھەتلىنىپ كەتتىم. مەن
كىرپە بىلەن بورسۇقنى يوقلاپ باردىم. بىراق، بۇ
ئىككى ئېزىلەڭگۈدىن شەپە يوق. پەرىزىمچە ئۇلار يە-
نىلا ئۇخلاۋاتىدۇ!

## 2 دەرياغا تاش تاشلىدىم[1]

ئەگەشكەنچە ئاكامغا،
باردىم دەريا بويىغا.
بارغىنىمنى ئارقىدىن
بىلدۈرمىدىم ئۈنىڭغا.
بۈگۈنمۇ ئۇ دەرياغا
قارمىقىنى تاشلىدى.
بېلىق تۇتۇش خىيالى
بىراق ئىشقا ئاشمىدى.
ئاكام شۇئان تېرىكىپ
بېلىقلارنى تىللىدى.
دەرياغا تاش تاشلىغان
مەنلىكىمنى بىلمىدى.
قىرغاقتىكى خادا تاش،
دەل بولدى، سىر ساقلىدى،
ئانا دەريا زوقلىنىپ
بۇ ئىشىمنى ياقلىدى.
ئەگەشكەنچە ئاكامغا
باردىم دەريا بويىغا

① بۇ شېئىرنىڭ ئاپتورى شاۋكەت رۇستەم.

بارغىنىمنى بۈگۈنمۇ
بىلدۈرمىدىم ئۈنىڭغا.
بۈگۈنمۇ ئۇ ئالدىراپ
دەرياغا تور تاشلىدى.
تۇتماق بولۇپ جىق بېلىق
بەكمۇ ئۇزاق ساقلىدى.
تور يىغدى ئۇ ئون نۆۋەت
ئونىلىسى قۇپقۇرۇق.
تورغا چۈشمەي بېلىقلار
ئامان قالدى توپتۇلۇق.
ئاكام يەنە تېرىكىپ
بېلىقلارنى تىللىدى،
دەرياغا تاش تاشلىغان
مەنلىكىمنى بىلمىدى.
ئەتىسىمۇ كەلدى ئۇ،
ئۆگۈنىمۇ ھەم يەنە.
دەرياغا تاش تاشلىدىم
بىللە كېلىپ مەن يەنە....
دەريادىكى سۈزۈك تاش
شىرىق ـ شىرىق شىرىقلار،
قارماق نېمە ـ تور نېمە
بىلىپ كەتتى بېلىقلار!

# 3 پوچتا ماركىسى ھەققىدە ھېكايە

1840 ـ يىلى، ئەنگلىيە پوچتا ماركىسىنى تۇنجى قېتىم رەسمىي تارقاتقان. دەسلەپكى پوچتا ماركىلىرىنىڭ چۆرىسىدە ھەرە چىشلىرى يوق ئىدى. پوچتا ماركىلىرى بىر ـ بىرىگە تۇتاش بولۇپ، ئىشلىتىدىغان چاغدا كېسىپ ئاجرىتىشقا توغرا كېلەتتى.

1848 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئەنگلىيىلىك كەشپىياتچى ئارچېر لوندون شەھىرىدىكى بىر ئاشخانىغا غىزالانغىلى باردى. بىر چاغدا، كەشپىياتچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئەپەندى سول قولىدا بىر ۋاراق پوچتا ماركىسىنى تۇتقىنىچە، ئوڭ قولى بىلەن يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. قارىغاندا، ئۇ پوچتا ماركىسىنى كېسىش ئۈچۈن قەلەمتىراچ ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ھەممە يانچۇقلىرىنى ئاختۇرغان بولسىمۇ، قەلەمتىراچىنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئارچېرغا:

— ئەپەندى، قەلەمتىراچىڭىز بولسا بېرىپ تۇرسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى.

ــ كەچۈرۈڭ، مەنمۇ ئالغاچ كەلمەپتىمەن، ــ دېدى ئارچېر بېشىنى چايقاپ.

ھېلىقى كىشى بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن، گالستۇكىدىن بىر بۇلاپكىنى ئالدى ـ دە، ھەربىر پوچتا ماركىسى تۇتاشقان ئورۇنلارغا سانجىپ تۆ- شۈكچە ئېچىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ، پوچتا ماركىلىرى ئاسان ھەم ناھايىتى تەكشى ئاجرىتىۋې- لىندى.

بۇ كىشىنىڭ ئىشى ئارچېرنى جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ: «ئەگەر پوچتا ماركىسىغا تۆشۈكچە تېشىدىغان بىر ماشىنا بولسا، تېخىمۇ ياخشى بولمامدۇ؟» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئارچېر تەتقىق قىلىشنى باشلىۋەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، پوچتا مارك- سىغا تۆشۈكچە تېشىش ماشىنىسى ياساپ چىقىلدى. ئۇنىڭ بىلەن تۆشۈكچىلەر تېشىلگەن ۋاراق ـ ۋاراق پوچتا ماركىلىرىنى بىر تال ـ بىر تالدىن قىلىپ ئاسانلا ئاجرىتىۋالغىلى بولىدىغان، ئىشلىتىشكە بەك قولايلىق بولدى. ئەنگلىيىنىڭ پوچتا تارماقلى- رى دەرھال بۇ ماشىنىنى ئىشقا كىرىشتۈردى. دۇن- يانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پوچتا ماركىسىغا تۆ- شۈكچە تېشىش ماشىنىسى تا ھازىرغىچە ئىشلىتىل- مەكتە.

# 4 شۆھرەتپەرەس قاغا

ئىنتايىن شۆھرەتپەرەس بىر قاغا بار ئىكەن. ئۇ توزلارنىڭ چۈشۈپ قالغان پەيلىرىنى ئۆزىگە قاداپ ياسىنىپتۇ. ئۆزىچە ئاجايىپ ئېسىل سۈپەتكە كىر- گەندەك ھېس قىلىپ باشقا قاغىلارنى كۆزىگە ئىل- لىپمۇ قويماپتۇ. ئۇ ئۆزى ھەۋەس قىلىدىغان ئېسىل



قۇشلارنىڭ ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ئۆزىنى شۇلار قاتارىدا ساناپتۇ.

توز بۇ ساختىپەزنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قادىۋالغان توز پەيلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ، بۇ يەردە

* بۇ مەسەلنىڭ ئاپتورى ئېزوپ.





قاغىغا لايىق ئورۇن يوقلۇقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى چوقۇلاپ ھەيدىۋېتىپتۇ.

رەسۋا بولغان قاغا قېرىنداشلىرى ئارىسىغا قايتقانىكەن، قاغىلار ئارىسىدىنمۇ قوغلىنىپتۇ. بىر قاغا ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:

— سەن پەقەتلا بىر قاغا، سەن قېرىنداشلاردىن كەچمىگەن بولساڭ، ئېگىز شاخلاردا ئورنۇڭ بار ئىدى، كۆپچىلىكمۇ قوغلىمايتتى. سەنمۇ ئۆز قېرىنداشلىرىڭنىڭ نەزىرىدە شەرمەندە نەرسە بولۇپ قالمايتتىڭ.

دېمەكچى، ئەسلىنى ئۇنتۇش نومۇس.

# 5 مۈشۈكنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشى


(چۆچەك)

قېلىن قار ياغقان قىش كۈنلىرى ئەتراپ تولىمۇ كۆڭۈللۈك بولۇپ كېتىدۇ. بالىلار بۇ چاغدا قار بوۋاي ياساپ، قار پومزىكى ئېتىشىپ تازا قانغۇچە ئوينىشىدۇ. پەقەت مۇلايىم، ياۋاش مۈشۈكلا ئىسسىق كاڭغا چىقىۋېلىپ مۈگدەپ ياتىدۇ. بىراق، كۈنلەر- نىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالىلار ئىلگىرىكى بالىلارغا ئوخشاش تەپكۈچ، تاقلىمچۈق، قوغلاشماق قاتارلىق قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئوينىماس بولۇپ قاپتۇ. چۈنكى، تېلېۋىزور پەيدا بولغاندىن كېيىن بالىلار خۇددى ئاشۇ مۇلايىم مۈشۈكلەرگە ئوخشاش ئىسسىق كاڭلارغا چىقىۋېلىپ مۈگدەپ قالغۇچە تېلېۋىزور كۆرىدىغان بولۇۋاپتۇ. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىچى پۇشقان مۈشۈك بالىلاردىن:

— تالادا شۇنداق چىرايلىق قار يېغىپتۇ، نېمىش- قا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆيدىن چىقماي ئولتۇر- سىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.



① بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئايبېك ئۆمەر ئۇيغۇرى.





— قارىغىنا، بۇ ئاجايىپ نەرسىگە، — دەپتۇ بالىلار تېلېۋىزورنى كۆرسىتىپ، - كۆرگەنسېرى كۆرگۈك كېلىدۇ.

— دادىمىز بىزگە ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئېلىپ بەردى، تېخى...

تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ: «تۇۋا، — دەپتۇ مۈشۈك، — مانا بۇ بۈگۈنكى بالىلار، بۈگۈنكى تۇرمۇش ...» قەلبى ھەسرەتكە تولغان مۈشۈك بالىلارنىڭ بارا - بارا ئۆزىدىن يىراقلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلاپتۇ - دە، ئىختىيارسىز پەلەككە قاراپ نالە قىلىپتۇ:

«ئەي تەبىئەت، قۇچىقىڭدىكى ساپ ھاۋا، گۈزەل ئورمان، قامەتلىك تاغلىرىڭ ئۆزىنىڭ ساددا ھەم سە-

بىي كىچىك ئادەملىرىگە قانچىلىك موھتاج ئىدى ـ ھە؟!»

ئاجايىپ ئىش، بىردىنلا قارلار ئېرىپ، ئەگىز سۇ ـ يى شۇنداق دەھشەت بىلەن يەر يۈزىگە يېيىلىپتۇكى، ئېگىز بىنالار ۋە ئىس ـ تۈتەككە تولغان سانسىز تۇرخۇنلار غايىپ بوپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئورنىغا بۈكك ـ ـدە ئورمان، يېشىل چىمەنلەر پەيدا بوپتۇ. قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېيت ـ قۇسىز شادلىققا تولدۇرۇپتۇ. باللار شوخ ھەم شۇن ـ چىلىك ئوماق ئىكەنكى، ئۇلار مىنىۋالغان تال چى ـ ۋىقلار تۇلپارلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، باللار ئەسلىدىكى گۈزەل دۇنياسىغا يەنە قايتىپ كەپتۇ.

# سۆزلەرگە ئىزاھات

## ئا

ئابروْيلۇق — قىلغان ئىشى ۋە ياخشى خىسلەت-لىرى تۈپەيلىدىن جامائەتچىلىك ئىچىدە تاپقان ھۆرمىتى، ئىناۋىتى، نوپۇزى بار.

ئاپىرىن — بىرەر ئىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بول-غانلىقى، بېجىرىلگەنلىكى ئۈچۈن رازى، مەمنۇن، قايىل بولغانلىقنى ئىپادىلەيدىغان ئالقىش سۆزى.

ئارىيە — ئوپېرا ياكى ئومۇمىي خورلاردا، ئور-كېستىرنىڭ تەڭكەش قىلىپ بېرىشى بىلەن ئېيتى-لىدىغان يالغۇز كىشىلىك ناخشا.

ئاسپىرانت — ئالىي مەكتەپ ياكى تەتقىقات ئو-رۇنلىرىغا ئىمتىھان ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان، تەتقىقات خىزمىتى ئارقىلىق بىلىم ئاشۇرغۇچى.

ئاسترونومىيە — ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئور-نى، تارىلىشى، ھەرىكىتى، شەكلى، قۇرۇلمىسى، خىمىيىلىك تەركىبى، فىزىكىلىق ھالىتى ۋە ئۆز-گىرىشى، تەرەققىي قىلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

ئاقارتىش ـــ ① ئاق تۇسكە كىرگۈزمەك. مەسىلەن: بىز ئۆيلەرنى ئاقارتىش ئىشىنى ھېلىلا تۈگەتتۇق. ② كۆچمە مەنىسى: بىلىم ـ مەرىپەت بېرىش؛ ئېڭىنى، سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش.

ئاقچا ـــ پۇل.

## ئە

ئەجەبلەنمەك ـــ ھەيران بولماق، ھەيران قالماق، تەئەججۇپلەنمەك.

ئەدىپىنى بەرمەك ـــ زەربە بەرمەك، دەككىسىنى، جازاسىنى بەرمەك.

ئەرباب ـــ ① پەن، مەدەنىيەت، سەنئەت ساھەلىرىدە ياكى دۆلەتنىڭ سىياسىي ئىشلىرىدا ئۆز پائالىيىتى بىلەن تونۇلغان. شۇ ساھەلەردە ئۆزىنى كۆرسەتكەن شەخس. ② باشلىق، ئەمەلدار.

ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلىمەك (ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچماق) ـــ ① جان ـ پېنى چىقىپ كېتەي دەپ قالماق، قاتتىق قورقماق. ② قاتتىق غەزەپلەنمەك، ئىنتايىن ئاچچىقى كەلمەك.

ئەكس ـــ ① بىرەر نەرسىنىڭ سىلىق، يالتىراق يۈزىدە كۆرۈنگەن باشقا بىر نەرسىنىڭ تەسۋىرى، شەكلى. ② زىت، تەتۈر، قارىمۇقارشى.

ئەلپاز ــ ھالەت، قىياپەت، تۇرق، ئەپت.

ئەلچى ــ ① بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپكە مەلۇم ھاجەت، تاپشۇرۇق بىلەن ئەۋەتكەن كىشى، ئىككى ئوتتۇرىدا ۋاسىتىلىك رول ئوينايدىغان ئادەم. ② دىپلوماتىك ۋەكىللەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىسى، ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان ئادەم. ③ كۆچ-مە مەنىسى: دېرەك (خەۋەر) بەرگۈچى نەرسە، بەلگە. ④ ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەملىكەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ئەۋەتكەن ۋەكىلى.

ئەمر ــ ① بۇيرۇق، پەرمان، يارلىق. شاھنىڭ ئەمرى تۆۋەنگە يوللىنىپ، يۇرت بىردەك قوزغىلىپ ئاتلىنىپتۇ. ② ئىختىيار، ئىختىيارلىق؛ ئىلىك؛ نىكاھ.

ئەيتاۋۇر ــ ئىشقىلىپ، ھەرھالدا، قانداقتۇر.

ب

بەجا كەلتۇرمەك ــ بىرەر ئىشنى، تاپشۇرۇقنى ئورۇندىماق، ئىجرا قىلماق، ئەمەلگە ئاشۇرماق، ئادا قىلماق.

بوستانلىق ــ دەل - دەرەخ ۋە يېشىللىققا تولغان باغ، جاي؛ باغۇبوستانلار بىلەن قاپلانغان ئاۋات يەر.

بۇرج ــ قۇياشنىڭ يىللىق ھەرىكەت يولىنى

بويلاپ جايلاشقان ئون ئىككى يۇلتۇزلار تۇركۇمىنىڭ جىمىسى ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى.

بىخۇد ــ خۇدى يوق، ھوشيار ئەمەس، بىپەرۋا، بىخەستە.

بىخۇدلۇق قىلماق ــ بىپەرۋالىق، دىققەتسىز-لىك، بىخەستەلىك قىلماق.

## پ

پەرەنجە ــ ئاياللار باشقا ئەر كىشىلەرگە يۈزىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بېشىنى پۈركۈۋالىدىغان، تورسىمان ئۇزۇن يېپىنچا.

پەرمان ــ ① ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئېلان قىلغان بۇيرۇق، يوليورۇق، قارار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆججەت. ② بىرەر ئىشنى ئورۇنداش ھەققىدىكى بۇيرۇق، ئۇقتۇرۇش.

پروفېسسور ــ ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالىي دە-رىجىلىك ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان ئوقۇتقۇچى.

پوتلا ــ ① بۇرۇندىن ئاققان شىلىمسىمان سۇ-يۇقلۇق؛ ماڭقا. ② تېرەك، سۆگەت قاتارلىق دەرەخ-لەرنىڭ يوپۇرماق چىقىرىشتىن بۇرۇن چىقىدىغان چېچىكى. ③ قارا چىراغ، شام پىلىكلىرىنىڭ كۆيۈپ ياكى چالا كۆيۈپ، پولتىيىپ ساڭگىلىغان قىسمى.

پۇرسەت ــ بىرەر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ئەڭ قولاي بولغان ۋاقىت، پەيت.

پىتىرىماق ــ قالايمىقان چېچىلىپ، ھەر تەرەپ-كە تارىلىپ كەتمەك.

## ت

تاجاۋۇز ــ بىر ياكى بىرنەچچە دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەتلەرنى بويسۇندۇرۇش، ئۇلارنىڭ زېمىنىنى بې-سىۋېلىش مەقسىتىدە قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇپ كىرىشى.

تارتۇق ــ ئىنئام، ھەدىيە، تەقدىم قىلماق؛ سوۋغا بەرمەك.

تاقەتسىز ــ تاقىتى يوق، تاقەت قىلالمايدىغان؛ چىدامسىز، بىتاقەت؛ ئالدىراڭغۇ.

تەبىئىي ــ ① تەبىئەتكە، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدى-يەتكە ئائىت، تەبىئەتتە بار بولغان؛ ئەسلىدىن بار، ھەقىقىي. ② كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگە خاس، يا-سالما ئەمەس؛ ئەينى، چىن. ③ مۇقەررەر، جەزمەن، شۈبھىسىز.

تەپەككۇر قىلماق ــ پىكىر يۈرگۈزمەك، مۇھا-كىمە، مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك.

تەجرىبە ــ ① ئىجتىمائىي تۇرمۇش جەريانىدا

ئۆزلەشتۈرۈلگەن بىلىم، ئىقتىدار، قابىلىيەت. ② بىرەر ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، ئېنىقلاش مەقسىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سىناق.

تەخىر قىلماق ــ ساقلاپ تۇرماق، كۈتمەك، تاقەت قىلماق.

تەسەللى بەرمەك ــ قاتتىق خاپىلىق، ئىچ ئاغرىقى، ئىچ پۇشۇقى قاتارلىقلارنى پەسەيتىش، كۆڭۈلدىن چىقىرىۋېتىش يۈزىسىدىن بىركىمگە ياكى ئۆز ـ ئۆزىگە مەسلىھەت بەرمەك، نەسىھەت قىلماق؛ راي ئېيتماق.

تەسكىن ــ تىنچلاندۇرۇش، تەسەللى.

تەۋە ــ مەلۇم بىرىگە قاراشلىق، مەنسۇپ.

تەۋەككۈل ــ ① كۆپ ئويلىمايلا، نېمە بولسا بولار دەپ قىلىنغان ھەرىكەت. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

توختام ــ ① توختاپ قالغان، ئاقمايدىغان. ② ئىككى ياكى بىرقانچە تەرەپ مەلۇم بىر ئىشنى بىرلىكتە ئېلىپ بارغاندا، ھەرقايسىسىنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن بېكىتىپ چىقىلغان ھەمدە ئورتاق رىئايە قىلىنىدىغان مەزمۇن ۋە ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كېلىشىم، بۇ ھەقتىكى ھۆججەت.

تۇقايلىق — تۇتىشىپ كەتكەن قويۇق ئورمان، چاتقاللىقلار.

تۇن — ئالدى ئوچۇق، تۈز ياقىلىق، ئۇزۇن سىرتقى كىيىم.

تۇس — ① رەڭ، بۇياقلارنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئايرىم تۈرى؛ رەڭ. ② تاشقى كۆرۈ - نۈش، قىياپەت، تەقى - تۇرقى. ③ خاراكتېر. مەسىـ لەن: يىغىننىڭ تۇسى ئۆزگىرىپ، پىپەنگە ئايلىنىپ كەتتى.

تېلېسكوپ — ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش، سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوپتىك ئەسۋاب.

تېيىز — ئانچە چوڭقۇر ئەمەس.

# ج

جاللات — ① ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنـ غانلارنىڭ بېشىنى ئالغۇچى، ئۆلۈم جازاسى ھەققىـ دىكى ھۆكۈمنى ئىجرا قىلغۇچى كىشى. ② كۆچمە مەنىسى: كاللا كېسەر، قاتىل.

جەزملەشتۈرمەك — قەتئىي قارارلاشتۇرماق، مۇ - قىملاشتۇرماق.

جەلپ قىلماق — ئۆزىگە تارتماق، قاراتماق.

جەھەننەم ــ ① دوزاخ. ② كۆچمە مەنىسى: چىدىغۇسىز دەرىجىدىكى ئېغىر شارائىت، مۇھىت. ③ كۆچمە مەنىسى: ئىنتايىن چوڭقۇر؛ تېگى يوق يەر.

جۇلالىماق ــ نۇر چاچماق، چاقنىماق، پارقىردىماق، يالتىرىماق.

جىرتاق ــ ① ھەر خىل زەخىملىنىش سەۋەبىدىن كۆز قاپىقىنىڭ نورماللىقى بۇزۇلغان؛ قىڭغىر، قىيسىق. ② فىزىئولوگىيىلىك تۇزۇلۇش جەھەتتىن ئاشۇنداق ئەيىبى بار كىشى.

جىلغا ــ تاغلار، ئېگىزلىكلەر ۋە دۆڭلۈكلەر ئارىلىقىدىكى جاي.



## چ

چاقنىماق ــ نۇر چاچماق، ۋال - ۋۇل قىلماق، يالتىرىماق، پارقىرىماق، ۋالىلدىماق.

## خ

خاسىيەت ــ ① ئىجابىي خۇسۇسىيەت، خىسلەت، خاسلىق، ئالاھىدىلىك. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

خاقان ــ ئوتتۇرا ئەسىر تۈركىي خەلقلىرىدىكى بۈيۈك دۆلەت باشلىقلىرىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋاد-

نى ئالغان ئەڭ يۇقىرى ھوقۇققا ئىگە شەخس؛ ئۇلۇغ خان.

خەندان ـــ شوخ كۈلكە، قاتتىق كۈلكە.

د

دورىپۇرۇش ـــ دورا ـ دەرمان سېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئادەم.

ر

رازىلىق بىلدۈرمەك ـــ بىرەر ئىش ياكى مەسىلىگە قارىتا ئۆزىنىڭ مەمنۇن، خۇرسەن بولغانلىق پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىمەك؛ ئۇنىماق، كۆنمەك.

راھەت ـــ ① ئىستىتىك زوق ياكى ئارام بېرىدىغان نەرسىلەردىن ئېلىنىدىغان لەززەت، ھۇزۇر. ② ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، پاراغەت، تىنچ ۋە پاراۋان ھايات، پاراۋان تۇرمۇش. ③ ھەربىيدە كوماندىرنىڭ قاتاردا تۇرغان جەڭچىلەرگە قارىتا «ئارام ئال!» دېگەن مەنىدىكى كوماندا بۇيرۇقى.

رەسەتخانا ـــ مەخسۇس ئەسۋابلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاسمان جىسىملىرى، يەر تەۋرەش ۋە ھاۋا رايى قاتارلىق ھەر خىل ھادىسىلەرنى كۆزىتىدىغان ئورۇن، ئىستانسا.

## ز

زەپەر ـــ نەتىجىگە، مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەك؛ غەلىبە قازانماق.

زەمبىل ـــ ئىككى پاراللېل دەستىنىڭ ئوتتۇرد-سىغا دەرەخ نوتىسىدىن چوڭقۇرراق قىلىپ توقۇلى-دىغان ياكى تاختا بېكىتىلىدىغان، توپا، قىغ، تاش قاتارلىقلارنى توشۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئەمگەك قورالى.

زوقلانماق ـــ زوقىا تولماق، خۇشاللانماق؛ لەززەت-لەنمەك، ھۇزۇرلانماق.

زىرائەت ـــ يېزا ئىگىلىكىدە تېرىپ ئۆستۈرۈل-دىغان ئۆسۈملۈكلەر. بۇ، ئاشلىق زىرائەتلىرى، ياغ-لىق دان، كۆكتات، مېۋىلىك دەرەخ ۋە سانائەت خام ئەشياسى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كېۋەز قاتار-لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## س

سازاۋەر ـــ قىلغىنى ۋە خىزمىتىگە يارىشا مەلۇم بىر ياخشى باھا ۋە مۇئامىلىگە لايىق، مۇناسىپ؛ مۇ-يەسسەر.

سازلىماق ـــ مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ تار، سىم-

لىرىنى ئۆزئارا ماس قىلىپ توغرىلىماق، تەڭكەش قىلماق؛ ساز قىلماق.

ساھىل — ① دېڭىز، دەريا، كۆللەرنىڭ قىرغىقى، بويى. ② كۆچمە مەنىسى: ئەتراپ، دائىرە.

سۇبيېكت — ① مەلۇم خۇسۇسىيەت ياكى بەلگىلەر تەۋە بولغان ئەمەلىي نەرسە. ② ئەقىل - ئىدراكىقا، دۇنيانى (مەۋجۇداتنى) بىلىشكە ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشكە قادىر كىشى. ③ ھەق تەلەپ قانۇنىدا، ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشىلەر (پۇقرا ۋە قانۇنىي شەخس)؛ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن جىنايى جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغان كىشىلەر؛ خەلقئارا قانۇندا، دۆلەت ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالغۇچى تەرەپ (ياكى دۆلەت) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

سىيما — ① قىياپەت، كۆرۈنۈش؛ چىراي، يۈز، ئوبراز. ② سىمۋول، ئوخشىتىلىدىغان ياكى ئوخشايدىغان نەرسە. ③ ئىپادە؛ ئالامەت، ئىز.

## ش

① نەرسىلەرنىڭ سىرتى ياكى تېنىنى ئوراپ تۇرغان تېرە، پوست قاتارلىق نەرسىلەرنى تارتىپ سويۇپ ئالماق. ② كۆچمە مەنىسى: ئالدامچىلىق يا -

كى زورلۇق ۋاسىتىسى بىلەن باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى تارتىۋالماق، ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق، قان ـ تەرىنى شورىماق.

شىم ــ ئىشتان.

## غ

غەزەل ــ ① دەسلەپكى بېيىتنىڭ ھەر ئىككىسى قاپىيىداش بولغان، كېيىنكى بېيىتلىرىنىڭ ئا ـ خىرقى مىسراسى دەسلەپكى ئىككى مىسراسىغا قا ـ پىيىداش بولۇپ كېلىدىغان لىرىك شېئىر. ② ئا ـ ھاڭغا سېلىنىغان شۇ خىل شېئىر؛ ناخشا.

غەلىبىلىك ــ ① بىرەر ئىشتا ئۈستۈنلۈك قول ـ غا كەلتۈرۈلگەن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلغان، زەپەر قۇچۇلغان. ② غەلىبە بىلەن، غەلىبە قىلغان ھالدا.

غۇنچە بوي ــ بويى غۇنچىدەك نازۇك، زىلۋا، كې ـ لىشكەن.

## ق

قاش ــ ① دەريا، كۆل، ئۆستەڭ قاتارلىقلارنىڭ ياقىسى، يېنى، بويى. ② سۇنى توسۇش ۋە ئۇنىڭ كېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن

ياسالغان توسۇق، قىر. ③ كۆچمە مەنىسى: بۆلەك، تەرەپ.

قەلئە ــ دۈشمەن ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن سېپىل ۋە خەندەكلەر بىلەن ئورالغان قور-غان؛ شەھەر.

قىيان ــ قاتتىق ياغقان يامغۇر ياكى قار سۇلى-رىنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان كۈچلۈك لاتقا ئارىلاش سۇ ئېقىمى.

## ك

كائىنات ــ يەر شارى ۋە باشقا بارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز بوش-لۇق؛ ئالەم.

كۈمىلاچ ــ ① يۇمىلاقلانغان، دۈگىلەك شەكىل-گە كەلتۈرگەن. ② يۇمىلاق، دۈگىلەك قىلىنغان نەرسىلەر.

كۆركەم ــ كۆرۈنۈشى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، گۈزەل، چىرايلىق.

كۆرگەزمە بۇيۇملىرى ــ مەلۇم نەرسىلەرنىڭ ۋە ئىشلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كىشىلەرگە بىلدۈ-رۈش، كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلغان نەرسىلەر ۋە شۇ نەرسىلەر قويۇلغان جاي.

كۆك ــ ① تىنىق ئاسمان رەڭگىدىكى، قېنىق ھاۋا رەڭ. ② يەر ئۈستىدە گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈ-نۈپ تۇرغان ھاۋا قاتلىمى، ئاسمان. ③ يېڭى چىق-قان، ئۆسۈۋاتقان ئوت - چۆپ. ④ كۆكتات (ئاساسەن بېدىنىڭ يۇمران ۋاقتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.) ⑤ يې-شىل. ⑥ پىشمىغان، خام (مېۋە - چېۋە، يەل - يې-مىش ھەققىدە.) ⑦ سەي - كۆكتاتلارنىڭ يوپۇرمى-قى. ⑧ تاياق زەربىسى ياكى باشقا بىرەر نەرسىنىڭ قاتتىق تېگىشىدىن بەدەندە قالغان كۆك رەڭلىك ئىز.

## گ

گۆدەك ــ ① ئېمىدىغان، قۇچاقتىن چۈشمىگەن بالا؛ بوۋاق. ② كۆچمە مەنىسى: تۇرمۇش تەجرىبى-سىگە ئىگە بولمىغان، خام، ساددا؛ كىچىك.

## ل

لەك ــ 100 مىڭ، 10 تۈمەن.

لەھزە ــ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتىدىغان ۋاقىت، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت.

ماتا (ماتاسى) ـــ ① پاختا يىپتىن يەرلىك توقۇش دۈكىنىدا توقۇلغان رەخت، بۆز. ② مال، بۇيۇم.

مارال ـــ چىشى بۇغا.

ماگنىت مەيدانى ـــ ماددىي نەرسىلەر ئارا ماگنىت كۈچ تەسىرىنى بېرىدىغان مەيدان. ماگنىت ۋە توك ئۆتكەن ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئەتراپىدىكى بوشلۇقتا ماگ-نىت مەيدانى مەۋجۇت بولىدۇ. كومپاسنىڭ جەنۇبنى كۆرسىتىشى دەل يەر شارى ماگنىت مەيدانىنىڭ رو-لىدۇر.

ماھىر ـــ يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان، ماھا-رەتلىك، ئۇستا.

مەجبۇر بولماق ـــ بىراۋنىڭ بۇيرۇقى، زورى، بېسىمى ياكى بىرەر نەرسىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلى قانداقتۇر بىر ئىش - ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا زورلانماق، مەجبۇر قىلىنماق.

مەسلىھەت ـــ ① بىرەر ئىشنى قانداق قىلىش ياكى ئومۇمەن نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە بىلدۈرۈلگەن پىكىر، قىلىنغان مۇلاھىزە، تەۋسىيە، تەكلىپ. ② پىكىر ئېلىش. كېڭىشىش.

مەغرۇر ـــ ئۆزىنى ئەركىن، ئۈستۈن تۇتىدىغان، روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن، غۇرۇرى بار؛ كىبىر-

لىك، تەكەببۇر.

مەمنۇن بولماق ــــ بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتتىدىن خۇشال بولماق، خۇشاللىق ھېس قىلماق؛ قانائەتلەنمەك، خۇرسەن بولماق، مىننەتدار بولماق.

مەھكۇم ــــ ① بىرەر جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان ياكى ھۆكۈم قىلىنىشقا تېگىشلىك. ② باشقىلارنىڭ ئەمرىدە، ھۆكۈمرانلىقىدا بولماق؛ باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى، ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى، قارام، بېقىندى.

مەي باغلىماق ــــ شىرنە يىغماق، قەنت ماددىسى توپلانماق.

مۇتەپەككۇر ــــ چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر قىلىش ئىستېداتىغا ئىگە بولغان كىشى، تەپەككۇر ئىگىسى.

مۇنەججىم ــــ ① ئاسترونومىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، يۇلتۇزلارغا قاراپ پال سالىدىغان كىشى؛ ئاسترونوم. ② كۆچمە مەنىسى: بىرەر ئىشنى ناھايىتى پۇختا ئويلاپ قىلىدىغان، نۇرغۇن نەرسىنى بىلىدىغان ئادەم.

مۇنقەرز ــــ باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، باشقىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ياشايدىغان، مۇستەقىللىقىنى يوقاتقان، بېقىندى؛ يوقالغان، تۈگىگەن.

مۇيەسسەر بولماق ــــ مۇمكىن بولماق، سازاۋەر بولماق، ئېرىشمەك، ئىگە بولماق.

مۆجىزە ــ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئادەتـ
تىن تاشقىرى ئىش، ھادىسە، نەرسە.

## ن

ناھايەت ــ ① ئىنتايىن، بەك، ناھايىتى. ② ئاـ
خىر بېرىپ، ئاخىرى، ئاخىرىدا ياكى ئاقىۋەتتە
دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.
نەشتەر ــ ① يارىنى يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىـ
غان ئۆتكۈر تىغ. ② زەھەرلىك ھاشارەتلارنىڭ چاـ
قىدىغان ئەزاسى.
نېمەت ــ ① يېمەك ـ ئىچمەك، ئوزۇق ـ تۈلۈك.
② ياخشى ئىش، ياخشىلىق.

## ھ

ھاماقەت ــ ئەقىلسىز، ئەخمەق، نادان، دۆت.
ھوسۇل ــ تېرىلغان زىرائەت ياكى باغۋەنچىلىكـ
تىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلات، ئۈنۈم.
ھىيلىگەر ــ ھىيلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان، ساختىپەز، مەككار ئادەم.

## ئو

ئولجا ـــ ① ئۇرۇش ـ جەڭلەردە قارشى تەرەپتىن تارتىۋېلىنغان، غەنىيمەت ئېلىنغان بۇيۇم، نەرسە. ② شىكار، ئوۋغا چىققاندا ئوۋلىغان نەرسە، ئوۋ.

ئۇچەك ـــ بەزى جانلىقلارنىڭ شارائىت ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ھاياتلىق پائالىيىتىنى توختاپ قالغانغا ئوخشاش ھالەتكە كەلتۈرۈشى.

## ئې

ئېقىن ـــ ① ئېقىۋاتقان سۇ، سۇيۇقلۇق، جىسىم. ② توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان، ئاقىدىغان، ئاقار.

ئېلېكتر دولقۇنى (ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى) ـــ بوشلۇقتا تارقالغان قەرەللىك ئۆزگىرىشچان ئېلېكتر ماگنىت مەيدانى. رادىئو دولقۇنى، يورۇقلۇق نۇرى، X نۇرى، گامما نۇرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ئوخشىمىغان ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنلىرىدۇر.

## ئى

ئىجارىگە بېرىش ـــ ئالاقىدار بىر تەرەپ (ئىجارد-

گە بەرگۈچى) ئۆز مۈلكىنى ئىككىنچى تەرەپ (ئىجارىگە ئالغۇچى) نىڭ پايدىلىنىشىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پايدا ئالىدىغان، ئىككىنچى تەرەپ ئىجارە پۇلى تۆلەيدىغان قانۇنىي ھەرىكەت. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىي نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرت قىلىنغانلىرى «ئىجارىگە ئېلىش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئادەتتە «مال ـ مۈلۈكنى ئىجارىگە بېرىش» ۋە «ئۆينى ئىجارىگە بېرىش» دېيىلىدۇ.

ئىلمىي ــ ئىلىمگە، ئىلىم ـ پەنگە ئائىت، ئىلىم ـ پەنگە ئاساسلانغان.

ئىمپېراتور ــ پادىشاھلىق دۆلەتلەردە پادىشاھنىڭ، ئىمپېرىيە پادىشاھىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس.

ئىنئام ــ بىرەر تەشكىلات، كوللېكتىپ ياكى شەخس تەرىپىدىن بېرىلگەن سوۋغا؛ ھەدىيە، تارتۇق، مۇكاپات.

ئىنكاس ــ ① ئەينەكتە، سۇدا، ئومۇمەن، يالتىراق نەرسە يۈزىدە ئەكس ئەتكەن تەسۋىر؛ ئىنكاس. ② ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئادەملەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولغان تەسۋىر؛ بىلىش، ئادەمدىكى تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر، ئىدىيە، ئۇقۇم قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئېتىش شەكلىدۇر. ③

ھايۋان ئورگانىزمىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇ-رۇش ئىقتىدارى.

## ي

ياساۋۇل — بۇرۇنقى خان، پادىشاھ دەۋرىدە يۇقىرى مەنسەپتىكى ئەمەلدارلارغا خىزمەت قىلىدىغان قوراللىق خادىم؛ ساقچى.

يۇكسەلمەك — ① ئېگىزلىمەك، ئۆرلىمەك، يۇ-قىرىلىماق. ② كۆچمە مەنىسى: ئۆسمەك، راۋاجلانماق، تەرەققىي قىلماق، ياخشىلانماق.

يىپەك — ① پىلە غوزىسىدىن ئېلىنىدىغان ئىن-چىكە تالا ۋە ئۇنىڭدىن ئېگىرىلگەن يىپ، مەشۇت. ② شۇنداق يىپلاردىن توقۇلغان رەخت، شايى ۋە ئۇ-نىڭدىن تىكىلگەن كىيىم ياكى بۇيۇم.